**direyici.** s. جاهىل، چىڭ تۇرۇۋالىدىغان.

**dirhem.** is. ar. قەدىمكى زامان ئېغىرلىق ئۆلچىمى. ② دەرهەم (ئەرەپلەرنىڭ كونا كۈمۈش پۇلى). ③ بەك ئاز.

**diri.** s. ①تىرىك. ② تازا. ③ ئوبدان پىشمىغان، خام. ④ دۇرۇس، توغرا. ⑤ قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك:
«Diri çiçek — تازا گۈل.
Et bir az diri kalmış — گۆش بىرئاز خام بولۇپ قاپتۇ.»

**dirijan.** is. fr. رەھبەر، باشقۇرغۇچى.

**diril.** is. يوتقان -كۆرپە ئورايدىغان رەخت.

**dirilik, – ği.** is. تىرىكلىك.

**diriliş.** is. تىرىلىش، جانلىنىش.

**dirilmek.** ①تىرىلمەك، جانلانماق. ② ساقايماق. ③ غەيرەتكە كىرمەك.

**diriltmek.** ① تىرىلدۈرمەك. ② جانلاندۇرماق، جان كىرگۈزمەك.

**dirim.** is. هايات، جان:
«Ölüm dirim savaşı — هايات - مامات كۈرىشى.»

**dirimli.** s. هاياتلىق، جانلىق.

**dirin.** s. far. كونا، قەدىمىي.

**dirlik,–ği.** is. ① تىرىكلىك، ئۆمۈر. ② تىرىكلىك ۋاسىتىلىرى. ③ پاراۋانلىق، خۇشاللىق، راھەتلىك.

**dirliksiz.** s. پەرىشان.

**dirsek,–ği.** is. ①جەينەك. ② دوقمۇش.

**dirseklemek.** جەينەكلىمەك.

**dirsekli.** s. جەينەكلىك.

**dirseklik, – ği.** is. جەينەكلىك.

**disiplin.** is. fr. ئىنتىزام:
«Parti disiplini — پارتىيە ئىنتىزامى.»

**disiplinli.** s. ئىنتىزاملىق:
«Disiplinli bir öğrenci — ئىنتىزاملىق بىر ئوقۇغۇچى.»

**disiplinsiz.** s. ئىنتىزامسىز:
«Disiplinsiz sınıf — ئىنتىزامى يوق سىنىپ.»

**disk,–ki.** is.fr. ① دىسكا (تەنھەرىكەتتە). ② فاتىپون تاختىسى.

**diskolob,–lü.** is. fr. دىسكا ئاتقۇچى.

**diskordan.** s. fr. رەتسىز، بىسەرەمجان.

**diskordans.** is. fr. ①ماسلاشماسلىق. ② ئۇيغۇن كەلمەسلىك.

**diskur.** is. fr. نۇتۇق.

**~geçmek.** نۇتۇق سۆزلىگەندەك سۆزلىمەك.

**dispanser.** is.fr. شىپاخانا.
**diş.** is. ① چىش:
«Diş takmak — چىش سالدۇرماق.»
~**fırçası.** چىش چوتكىسى.
~**macunu.** چىش پاراشوكى (ياگاۋ).
~**tabibi (hekimi).** چىش دوختۇرى.
**dişçi.** is. ① چىش دوختۇرى. ② ئۆلۈكلەرنىڭ ئالتۇن چىشنى يۇلۇۋېلىپ ساتقۇچى.
**dişçilik,–ği.** is. چىش دوختۇرلۇقى.
**dişeği.** is. تاش چوقۇش قورالى.
**dişemek.** ① تۈگمەن تېشى ياسىماق ۋە ھەرىلەرگە چىش چىقارماق. ② چىش تارتماق.
**dişeti,–ni.** is. چىش مىلكى، چىش ئېتى (چىشنىڭ تۈۋىدىكى گۆشى).
**dişi.** is. s. ① چىشى (ئۆسۈملۈكنىڭ، ھايۋاننىڭ)، مادا، قانجۇق، مېكىيان. ② زەيپانە. ③ ئاياللارغا خاس مىجەز. ④ يۇمشاق، مۇلايىم، ياۋاش. ⑤ ئاچقۇچ قاتارلىقلارنىڭ ئىچى كاۋاك كەلگەن قىسمى.
**dişicik, – ği.** is. كىچىك چىش.
**dişil.** s. چىشقا ئائىت، چىشقا مۇناسىۋەتلىك.
**dişilik, – ği.** is. چىشىلىك. مادىلىق.
**dişindirik,–ği.** is. ھايۋانلارنىڭ تۇمشۇقىغا سېلىپ قويىدىغان تور.
**dişlek.** s. ① ھىڭگاك چىش (ئادەم). ② چىشلىق.
**dişlemek.** ① چىشلىمەك. ② غىجىمەق. قىرقىۋەتمەك. ③ چىش چىقارماق، ھەرە چىش قىلىپ ئىشلىمەك. ④ بىئارام قىلماق.
**dişlenmek.** ① دېگىننى قىلدۇرماق. ② چىشلەنمەك. ③ چىش چىقارماق.
**dişli.** s. ①چىشلىق. ②گېپى ئۆتىدىغان:
«Dişli tekerlekler gidiyor — چىشلىق چاقلار مېڭىۋاتىدۇ.»
**dişlik, – ği.** is. چىشنى ئاسرىغۇچ.
**diş.otugiller.** is.bot. قۇرغاقلىقتا يېتىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.
**dişözü** .is. چىشنىڭ تۇمۇر ۋە نېرۋىدىن ئىبارەت ئىچكى قىسمى.
**dişsel.** s. چىشقا ئائىت، چىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
**dişsiz.** s. ① چىشسىز. ② تۇپتۈز، سىلىق.
**ditiramp.** is. fr. مەرسىيە شېئىرى.
**ditmek.** تېتىماق:
«Tavuk eti diterek yenmeli — توخۇ گۆشى تېتىپ يېيىلىدۇ.»
**dito.** is. ئۇششاق قول.
**divan.** is. far. ① يۇقىرى دۆلەت ئورگىنى. ② دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ مەجلىسى. ③ شېئىرلار توپلىمى. ④ سافا:
«Başkanlık divanı — رەھبەرلىك ھەيئىتى (پرېزىدىئۇم).»
**divançe.** is. far. كىچىك شېئىرلار توپلىمى.
**divane.** s.far. ① ساراڭ. ② مەستانە، دىۋانە:
«Kadın için divane olmuş — خوتۇن دەپ ساراڭ بوپتۇ.»
~**olmak.** ئەقىل – ھوشىنى يوقاتماق.
**divanelik,–ği.** is. ① ساراڭلىق. ② مەستانىلىق.
**divan.hane.** is. far. كەڭ سۇپا.
**divanı.harb.** is.far.ar. ھەربىي مەھكىمە.
**divanî.** s. far. دۆلەت پەرمانى، دۆلەت بۇيرۇقى.
**divildivil.** z. توختىماستىن، ئۈزلۈكسىز، ئارقا – ئارقىدىن.
**divlek, – ği.** is.ar. خەمەك، سويما.

**divrik, — ği.** is. ئېگىز يەر، دۆڭ.
**diyabet,—ti.** is. fr. شېكەر سىيدىغان كېسەل.
**diyadem.** is. fr. زىبۇ-زىننەت بىلەن زىننەتلەنگەن تاج.
**diyafram.** is.fr. دىئافراگما (كۆكرەك قەپەسىنى قورساق بوشلۇقىدىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان پەردە).
**diyagnoz.** is. fr. دىئاگنوز.
**diyagram.** is. fr. دىئاگرام.
**diyaklaz.** is. fr. دىئاكلاس (چوڭ يەر پارچىسى).
**diyakoz.** is. yun. ① پاپالىقتا يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن كىشى. ② كېسەللەرگە قارايدىغان، خەلقتىن يىاردەم توپلاپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىدىغان كىشى.
**diyalekt,—ti.** is.fr. دىئالېكت، رايون خاراكتېرلىق تىل، يەرلىك تىل.
**diyalektik.** s. fr. دىئالېكتىكا.
**diyalog.** is.fr. دىئالوگ (ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىشى).
**diyalogizm.** is.fr. دىئالوگىزم (ياز- غۇچىنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىنىڭ پېرسوناژلار ئاغزى بىلەن بېرىلىشى).
**diyanet,—ti.** s.is.ar. ① دىندارلىق. ② دىيانەت.
**diyanetkâr.** s.far. دىيانەتلىك، دىندار.
**diyanetli.** s. دىندار.
**diyapazon.** is. fr. ئىنسانىنىڭ ياكى سازنىڭ ئاۋاز چىقىرىش ئورگانى.
**diyar.** is.ar. مەملىكەت، دۆلەت، يۇرت، ئەل.
**diyarbakır.** öz. is. دىيار بەكىر.
**diyark.** is. fr. ئىككىلىك ھۆكۈمەت، ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ھەر بىرى.
**diye.** دەپ:
«Göreyim diye geldim — كۆرەي دەپ كەلدىم.»
**diyecek,—ği.** is. قىلىدىغان، دەيدىغان سۆز:
«Diyeceğim yok — دەيدىغىنىم يوق.»
**diyelek,—ği.** is. → **Diyalekt.**
**diyem.** is. مەزمۇن.
**diyet**[1]**,—ti.** is.ar. ① خۇن ھەققى. ② قىممەت، ئەھمىيەت.
**diyet**[2]**.** is.lât. بىر مىللەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان سىياسىي مەجلىس.
**diyez.** is. fr. نوتىدا ئاۋازنى يېرىم كۆتۈرىدىغان ئىشارەت.
**dız.** is. تىز:
«Anne çocuğu dizlerine oturttu. — ئانا بالىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزدى.»
**~çökmek.** تىزلانماق، يۈكۈنمەك.
**dizanteri.** is.fr. دىزىنتېرىيە، ئىچ ئاغرىق.
**dizdar.** s.fr. قەلئە مۇھاپىزەتچىسى، قورغان قاراۋۇلى.
**dizdirmek.** تىزدۇرماق.
**dize.** is. مىسرا.
**dizel**[1]**.** is. ئەخلاقسىز، بۇزۇق ئايال.
**dizel**[2]**.** is. دىزېل يېغى.
**dizge.** is. ① نەزم. ② جۈملە. ③ سىستېما.
**dizgi.** is. ① ھەرپ تىزىش. ② نىزام، تەرتىپ.
**dizgin.** is. تىزگىن، چۇلۋۇر.
**~e vurmak.** توختاتماق.
**~i çekmek.** ئاتاۋىنى تارتماق.
**dizginlemek.** ① تىزگىنلىمەك. ② چەك-

لىمەك، كونترول قىلماق.

**dizginsiz.** s. ① تىزگىنسىز. ② باشباش- تاقلىق. ③ ھەددىدىن ئاشقان:

«Dizginsiz bir davranış — ھەددىدىن ئاشقان بىر ھەرىكەت.»

**dizi.** is. ①تىزىق:

«Boncuk dizisi — مونچاق تىزىقى.»

**dizgici.** is. ھەرپ تىزغۇچى، نابورچىك.

**dizici.** is. → **Dizgici.**

**dizidizi.** z. قاتارمۇ قاتار، يانمۇ يان، تىزىق - تىزىق.

**dizilemek.** تىزماق.

**dizili.** s. تىزىلغان.

**dizilmek.** تىزىلماق:

«Çocuklar sıraya dizildi — باللار رەتكە تىزىلدى (قاتارغا).»

**dizim.** is. تىزىلىش.

**dizin.** is. جەدۋەل، ئىسىملىك، مۇندەرىجە.

**diziyem.** is.fr. ئوندىن بىر، ئوننىڭ بىرى.

**diz.kapağı.** is. لېپەك (تىزنىڭ لېپىكى).

**dizlik,–ği.** is. ① تىزلىق (تىزغا ئۆتكۈ- زىدىغان نەرسە). ② تىزدىن ئاشمىغان پەلتو.

**dizmek.** ① تىزماق. ② يىپقا، ئارغامچىغا ئۆتكۈزمەك. ③ ھەرپ تىزماق.

**dizsi.** s. تىزغا ئوخشىغان.

**dobra.** s. سۆزى ئاشكارا، ئوچۇق، دۇرۇس (ئادەم).

**dobradobra.** z. تۈپتۈز، تۈپتۈز، ئوچۇق - ئاشكارا (سۆزلىمەك).

**doçent,–ti.** is. alm. دوتسېنت.

**doçetlik,–ği.** is. دوتسېنتلىق.

**dogma.** is. fr. دوگما، ئەقىدە.

**dogmacı.** s. is. دوگمىچى، ئەقىدىچى.

**dogmacılık,–ğı.** is. دوگمىچىلىق، ئەقىدىچىلىك.

**dogmalaştırmak.** دوگمىلاشتۇرماق.

**dogmatik,–ği.** is. دوگماتىك.

**dogmatizm.** is. fr. دوگمىچىلىك.

**dogra.** is. پەنجاپ تىلى شىۋىسى.

**doğa.** is. ① تەبىئەت، ماھىيەت. ② تەقدىر. ③ ئىچكى قانۇنىيەت. ④ ئالەم فىزىكىسى:

«1· Doğa bilgisi — تەبىئەت ئىلمى.

2· Doğaya aykırı hiç bir olay yok tur. تەقدىر گەزىت ھېچقانداق ھادىسە يوق.

3· Taşın doğası — تاشنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى.»

**doğaca.** s. تەبىئەت قانۇنىغا ئۇيغۇن:

«Doğaca kanun — تەبىئەت قانۇنى»

**doğacı.** is. s. ناتۇرالىست.

**doğacılık, – ğı.** is. ناتۇرالىزم.

**doğaç, –cı** is. شېرىن ئوي.

**doğaçtan.** z. كۆپ ئويلانماستىن.

**doğal.** s. تەبىئىي.

**doğan.** is. بۈركۈت.

**doğancı.** is. بۈركۈت يېتىشتۈرگۈچى، بۈركۈت بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچى.

**doğa.üstü.** s. is. پەۋقۇلئاددە:

«Doğa üstü güç — پەۋقۇلئاددە كۈچ.»

**doğdurmak.** تۇغدۇرماق:

«Güneşi doğduran tanrı — قۇياشنى تۇغدۇرغان تەڭرى.»

**doğma.** is. s. ① تۇغۇلۇش، دۇنياغا كېلىش، پارلىش. ② تۇغما. ③ جەنۇب، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئۇپۇقتىن چىقىشى. ④ تۇغۇلغان، دۇنياغا كەلگەن، يارىتىلغان:

«Çinde doğma bir yabancı — جۇڭگو دا تۇغۇلغان بىر چەت ئەللىك.»

**doğmaca.** s. تۇغۇلۇشتىن بولغان.

**doğmak.** ① تۇغۇلماق، (كۈن، ئاي، يۇلتۇز) كۆتۈرۈلۈپ چىقماق، كۆرۈنمەك، ئۆرلىمەك. ③ مەيدانغا كەلمەك، يارالماق، پەيدا بولماق، تۆرەلمەك:

«Ben kaşkarda dcğdum — مەن قەشقەردە تۇغۇلدۇم.»

**doğram.** is. تۇغرام، كېسىم.

**doğrama.** is. ① توغراش، كېسىش. ② ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جابدۇقلىرى.

**doğramcı.** is. ياغاچچى.

**doğramak.** توغرىماق، كەسمەك.

**doğram.doğram.** z. توغرام ـ تۇغرام، كېسىم ـ كېسىم، پارچە ـ پارچە.

**doğranmak.** تۇغرانماق، كېسىلمەك، كەسلەنمەك.

**doğru.** s. ① تۇغرا، دۇرۇست. ② توپتوغرا، تۈپتۈز، ئۇدۇل.

**doğruca.** z. تۈپتوغرا:

«Bu yol doğruca oraya çıkar — بۇ يول توپتوغرا ئۇ يەرگە بارىدۇ.»

**doğrucu.** s. is. توغرا ئىش قىلىدىغان، توغرا سۆز قىلىدىغان، خالىس، لىللا:

«O, doğrucu bir adamdır — ئۇ، توغرا ئىش قىلىدىغان ئادەم.»

**doğruculuk,—ğu.** is. ساداقەت.

**doğrudan doğruya.** بىۋاسىتە، تۇغرىدىن تۇغرا.

**doğrulamak.** توغرىلىماق، ئىسپاتلىماق.

**doğrulanmak.** تۇغرىلانماق، ئىسپاتلانماق، دەلىللەنمەك.

**doğrulmak.** ①تۈز بولماق، تۈزلەنمەك، تۇغرىلانماق. ② يۈزلەنمەك، يولغا چىقمەك، تەرەققىي قىلماق. ③ راۋاجلانماق:

«1. Çocuğun ayağı yavaş yavaş doğruldu — بالىنىڭ پۇتى ئاستا ـ ئاستا تۈزەلدى.

2. Hesap şimdi doğruldu — ھېساب ئەمدى توغرىلاندى.

3. Evine doğruldu — ئۆيگە قاراپ يۈزلەندى.

4. Savaştan sonra doğrulan bir ülke — ئۇرۇشتىن كېيىن راۋاجلانغان بىر مەملىكەت.»

**dogrultmak.** ① تۈزەلتمەك، تۈزەتمەك. ② يۈزلەندۈرمەك. ③ قازانماق، قولغا كەلتۈرمەك، تاپماق:

«Günde şöyle - böyle 10 yuanı doğrultuyorum — ھەر كۈنى ئۇنداق بۇنداق قىلىپ ئون يۈەن تاپىمەن.»

**doğrultu.** is. ① تەرەپ. ② ئىستىقامەت.

**doğruluk,—ğu.** is. ① توغرىلىق. ② دۇرۇسلۇق. ③ ئۆلچەم ۋە قائىدىگە ئۇيغۇنلۇق.

**doğrusu.** z. تۇغرىسى، ھەقىقەتەن، ئەلھەق.

**doğu**[1]. is. ① شەرق، كۈنتۇغۇش، كۈنچىقىش. ② شەرق ئەللىرى:

«Doğu rüzgarı — شەرق شامىلى.»

**~Türkçe.** شەرق تۈركچىسى.

**doğu**[2]. s. كىچىك قۇلاقلىق (قوي، ئۆچكە ھەققىدە).

**doğulu.** s. ① شەرقلىق. ② ئېسىل تاشلار.

**doğum.** is. ① تۇغۇت. ② تۇغۇلۇش يىلى. ③ بوشىنىش، يەڭگىش:

«1. Kolay bir doğum — ئاسان تۇغۇت.

2. Mümün 1930 da Beşbalıkta dogdu — مۆمىن 1930 - يىلى بەشبالىقتا تۇغۇلغان.

3. Ayşe çok zor bir doğum yaptı — ئايشە بەك قىيىندا بوشاندى.»

**doğumevi.** is. تۇغۇتخانا.

**doğurgan.** s. تۇغۇمچان.

«Doğurgan koyun — تۇغۇمچان قوي.»

**doğurganlık, – ğı.** is. تۇغۇمچانلىق.

**doğurmak.** ① تۇغماق، مەيدانغا كەلتۈرمەك. ② سەۋەب بولماق:

«Meryem bir oğlan doğurdu— مەريەم بىر ئوغۇل تۇغدى.

Ahmedin hareketleri kötü sonuçlar doğurabilir — ئەخمەتنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.»

**doğurtmak.** تۇغدۇرماق، تۇغقۇزماق:

«Hangi ebe doğurttu? — قايسى كىندىك ئانىسى تۇغدۇردى؟»

**doğrucu.** is. تۇغۇت، تۇغۇش، ← تۇغۇلۇش:

«Çocuğun doğuşu başarılı oldu — بالىنىڭ تۇغۇلۇشى غەلىبىلىك بولدى.»

**doğuşlu.** s. ئالىيجاناب، قىممەتلىك، قەدىرلىك، ئەسلى ياخشى.

**doğuştan.** z. s. تۇغۇلۇشتىن، تۇغما، يارىتىلىشتىن:

«Mehmet doğuştan öyle — مەھەممەت تۇغما شۇنداق.»

**doğuştancı.** s. ھەر نەرسىنىڭ تۇغۇلۇشتىن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈچى.

**doğut, – tu.** is. بىر ئادەمنىڭ ياكى بىر نەرسىنىڭ پەيدا بولغان ياكى، تۇغۇلغان يېرى.

**dok, – ku.** is. ① كېمىسازلىق زاۋۇتى. ② پىرىستان ئامبىرى.

**dokanmak.** → Dokunmak.

**doksan.** s تۇقسان (90).

**doksanlık.** is. ① توقسانلىك (ئىچىگە 90 نەرسە سىغىدىغان قاچا، قۇتا). ② توقسان ياشلىق:

«Doksanlık bir ihtiyar — توقسان ياشلىق بىر قېرى.»

**doktor.** is. fr. ① دوختۇر. ② دوكتور:

«Edebiyat doktoru — ئەدەبىيات دوكتورى.

**doktora.** is. fr. ① دوكتورلۇق ئۇنۋانى. ② دوكتورلۇق ئىمتىھانى.

**doktorluk, – ğu.** is. ① دوكتورلۇق ② دوختۇرلۇق كەسپى.

**doktrin.** is. fr. ① مەزھەپ. ② ئىدىيە. ③ نەزەرىيە. ④ چۈشەنچە.

**doktrinci.** s. is. ① مەزھەپكە ئائىت، مەزھەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ② نەزەرىيىچى.

**dokum.** is. توقۇلۇش، قۇرۇلۇش. تەشكىل تېپىش.

**dokuma.** is. s. ① توقۇش. ② توقۇلما (نەرسە):

«Halı dokuma sanatı — گىلەم توقۇش تېخنىكىسى.

Dokuma kumaş — توقۇلما رەخت.»

**dokumacı.** s. توقۇمىچى.

**dokumacılık, – ğı.** is. توقۇمچىلىق.

**dokumak.** ① توقۇماق. ② سىلكىمەك:

«Bez dokumak — رەخت (بۆز) توقۇماق.»

**dokunaklı.** s. ① بېدىماق، بېدىرىغان، ئېچىنىشلىق. ② كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك.

**dokundurmak.** ① چېقىلدۇرماق. ② تەگدۈرمەك، تەگكۈزمەك:

«Sözü bana dokundurmak istedi—

سۆزنى ماڭا تەگكۈزگۈسى كەلدى.»

**dokunmak.** ① چېقىلماق، تەگمەك. ② تەسىر قىلماق. ③ مۇناسىۋىتى بولماق. ④ بولماق:

«O işin bana dokunur yanı yoktur — ئۇ ئىشنىڭ ماڭا (مەن بىلەن) مۇناسىۋىتى يوق.

Onun bana zararı dokunmaz — ئۇنىڭ ماڭا زىيىنى بولماس.»

**dokunulmak.** ① چېقىلماق. ② سېزىلمەك، تۇيۇلماق.

**dokunulmaz.** s. ① چېقىلماس، تېگىلمەس. ② تەنقىد قىلىنماس، تەنقىد بېرىلمەس، تەنقىدلەنمەس.

**dokunulmazlık, – ğı.** is. ① چېقىلماسلىق، تېگىلمەسلىك. ② چەكلىمە، مەنئىي.

**dokunum.** is. سېزىم.

**dokunur.** s. زىيانلىق، زەھەرلىك، پايدىسىز.

**dokunuş.** is. ①تېگىش. ② ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى:

«Bir dramın dokunuşu — بىر درامىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى.»

**dokurcun.** is. ① قۇرۇق ئوت ۋە سامان دۆۋىسى. ② توققۇز تاش ئويۇنى.

**dokuyucu.** s. توقۇغۇچى.

**dokuz.** is. توققۇز.

**~ babalı.** ئاتىسىنىڭ تايىنى يوق.

**dokuzlu.** s. is. ① توققۇزلۇق. ② توققۇزلۇق (قارت).

**dokuztaş.** is. توققۇز تاش (توققۇز تاش بىلەن ئوينايدىغان قاتار ئويۇنى).

**dokuzuncu.** s. توققۇزىنچى

**dokümanter.** s. ھۆججەتلىك.

«Dökümanter filim — ھۆججەتلىك فىلىم.»

**dolab.** is. → Dolap.

**dolak, – ğı.** is. گېجەي، چىمالتار (پاچاقا يۆگەيدىغان تار، ئۇزۇن رەخت).

**dolam.** is. يۆگەم، تولغام:

«Beş dolam kumaş — بەش يۆگەم رەخت.»

**dolama.** is. ① يۆگەش، تولغاش. ② بىر خىل تېرە كېسەللىكى، پىرىچە (چاپان).

**dolamak.** ① يۆگىمەك، تولغىماق. ② ئارتماق، يۈكلىمەك، كەلمەك:

«Beline kuşak dolamış — بېلىگە بەلباغ يۆگىۋاپتۇ.

Bu işi benim başima doladılar — بۇ ئىشنى مېنىڭ بېشىمغا ئارتتى.»

**dolaman.** is. تۈرك ئەرلەرنىڭ بىر خىل كىيىمى.

**dolambaç.** is. ①ئەگمە، ئەگمەچ، ئەگمە. ② قۇلاقنىڭ ئىچكى قىسمى:

«Bu yolun dolambaçları çoktur — بۇ يولنىڭ ئەگمىسى كۆپ.»

**dolambaçlı.** s. ① ئەگرى - توقاي، مۇرەككەپ:

«Dolambaçlı yol — ئەگرى - توقاي يول.

Dolambaçlı bir ifade — مۇرەككەپ بىر ئىپادە.»

**dolambaçsiz.** s. تۈز، توغرا. ② توغرىدىن توغرا:

«Dolambaçsiz yol. — توغرا يول، تۈپتۈز يول.

Dolambaçsiz anlatim — تۈزلا

چۈشەندۈرۈش، ئۇدۇللا چۈشەندۈرۈش.
**dolan.** is. ھىيلە ـ مىكىر، يالغان.
**dolanbaç, – cı.** is. → **Dolambaç.**
**dolandırıcı.** is. s. ئالدامچى، ھەييار، قىزىلكۆز.
**dolandırıcılık, – ğı.** is. ئالدامچىلىق، ھەييارلىق، قىزىلكۆزلۈك.
**dolandırılmak.** ① ئالدانماق. ② ئىشەندۈرۈلمەك.
**dolandırmak.** ① ئايلانماق، چۆگىلەمەك. ② ئورالماق يۆگەلمەك. ③ تارالماق، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچمەك:
«Bu haber bütün şehirde dolandı — بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە تارالدى.»
**dolanmak.** ① يۆگەلمەك، ئورىماق. ② ئايلاندۇرماق چۆگىلەتمەك. ③ ئالداپ پۇل ۋە مېلىنى ئالماق.
**dolap, – bı.** is. ① ئىشكاپ. ② سۇ چاقپىلدىكى، چىغىرىق. ③ كالانتىر. ④ ھىيلە.
«Dolaplı kuyu — چىغىرىقلىق قۇدۇق.
Dolap çevirmek — ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتمەك.»
**dolapçı.** s. ① ئىشكاپ ياساپ ساتقۇچى. ② ھىيلە بىلەن ئىش كۆرگۈچى، ھىيلىچى.
**dolar.** is. دوللار.
**dolaşık.** s. ① ئەگرى ـ توقاي. ② مۇرەككەپ، چىگىش:
«Dolaşık saç. — چىگىش چاچ.»
**dolaşıklık, – ğı.** is. ①ئەگرى ـ توقايلىق. ② چىگىشلىك. مۇرەككەپلىك.
**dolaşım.** is. ئايلانما.
**dolaşmak.** ① ئايلانماق، چۆگىلىمەك. ② چىشلىمەك. ③ تارالماق، يېيىلماق. ④ سەيرقىلماق. ⑤ كۆزدىن كەچۈرمەك:
«1. Saçi uzun çok dolaşiyor — ئۇزۇن چاچ كۆپ چىگىشلىشىدۇ.
2. Öyle bir rivayet dolaşiyor — شۇنداق بىر رىۋايەت يېيىلىپتۇ.
3. Şehri dolaşmak — شەھەرنى سەير قىلماق.
4. Askeri birlikleri dalaşmak — ھەربىي قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرمەك.»
**dolaştırmak.** ئايلاندۇرماق، چۆگىلەتمەك:
«Beni çok dolaştırdi — مېنى كۆپ ئايلاندۇردى.»
**dolay.** is. ئەتراپ، ئۆپچۆرە:
«Kulca dolaylarında şirin dağlar var — غۇلجا ئەتراپىدا چىرايلىق تاغلار بار.»
**dolayı.** is. سەۋەبى، تۈپەيلى:
«Çirkinliğinden çok sevilmiyor — سەتلىكىدىن ياخشى كۆرۈلمەيدۇ.»
**dolaysıyle.** z. ① ۋاستىسى بىلەن، سەۋەبىدىن:
«Onu kardeşi dolaysıyle tanırım — ئۇنى قېرىندىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇيمەن.»
**dolay kutupsal.** s. قۇتۇپقا يېقىن بولغان.
**dolaylama.** is. پاساھەتلىك، بەدىئىي سۆز.
**dolaylı.** s. ۋاستىلىك.
**dolaysız.** s. بىۋاستە، ئۇدۇل، تۈپتوغرا، توغرىدىن ـ توغرا.
**doldurmak.** تولدۇرماق.
**doldurtmak.** تولدۇرتماق.

**doldurucu.** is. قاچىلاش ماشىنىسى (نېفىت قاتارلىقلارنى ئاپتوماتىك يول بىلەن تۇڭلارغا قاچىلاش).

**doldurulmak.** تولدۇرۇلماق.

**dolgu.** is. ① تولدۇرۇش، زاماسكىلاش (چىشنى). ② ئېتىش (كاۋاكىنى، تۆشۈكنى).

**dolgulu.** s. زاماسكىلانغان، تولغۇزۇلغان:

«Dolgulu diş — زاماسكىلانغان چىش».

**dolgun.** s. ① تولغۇن، كامالەتكە يەتكەن، يېتىشكەن. ② كۆپ، جىق، تولا، مول.

**dolgunluk, — gu.** is. ① يېتىشكەنلىك، توشقۇزۇلغانلىق. ② سېمىزلىك. ③ ئاشقازاننىڭ كۆپۈشى.

**dolma.** is. s. ① تولما، تولۇش. ② تولدۇرۇپ قىلىنغان تاماق، هېسىپ. ③ هىيلە — مىكىر:

«Gölün dolması — كۆلنىڭ تولۇشى.»

**dolmacı.** s. ① هېسىپچى. ② هېسىپنى ياخشى كۆرىدىغان. ③ يالغانچى، ساختىپەز.

**dolmak.** ① تولماق، توشماق. ② تۈگىمەك، تاماملانماق. ③ قاپلانماق:

«Süre doldu — ۋاقىت توشتى (تۈگىدى).

Gönlü aşkla dolmak — كۆڭلى مۇھەببەت بىلەن تولماق.»

**dolma kalem.** is. گاڭبى (قەلەم).

**dolman.** is. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سىرتقى كىيىمى.

**dolmuş.** s. is. ① تولغان، توشقان، بوش يېرى قالمىغان. ② يۈك ۋە يولۇچىلىق قاتناش قورالى (كېمە، هاۋا، تاكسى قاتارلىق).

**dolu¹.** is. مۆلدۈر، بۆلا، تۆلۈ.

**dolu².** s. ① لىق تولغان. ② كۆپ، مول. ③ بەتلەنگەن (هەربىي قورال). ④ بوش يېرى قالمىغان، تىقما ـ تىقماق. ⑤ زىق.

**dolu · dizgin.** بەك تېز، بەك ئىتتىك.

**dolukmak.** (كۆز هەققىدە) ياشقا تولماق.

**dolunay.** is. تولۇن ئاي.

**doluş.** is. تولۇش.

**doluşmak.** توپلانماق، يىغىلماق.

**domalıç.** s. دومبەلچەك، دۆگىلەك، يۇمىلاق.

**domalamak.** ① دۆگىلەك قىلماق، يۇمىلاق قىلماق. ② چۆكمەك، ئۆملىمەك.

**domalatmak.** ① دۆگىلەك قىلدۇرماق، يۇمىلاق قىلدۇرماق. ② چۆكتۈرمەك، ئۆمۈلەتمەك.

**domanç.** → **Domalıç.**

**domates.** is. bot. rum. پەمىدۇر، شوخلا.

**domatesli.** s. پەمىدۇر سېلىنغان.

**dombar.** دومبۇرا.

**dombay.** is. سۇ كالىسى.

**domino.** is. fr. ① يىگىرمە ئۇزۇق بىلەن ئوينىلىدىغان داميكا. ② ئۇزۇن تون.

**dominyon.** is. ing. دومىنئون.

**domra·** is. rus· دومرا (قارنى يۇمىلاق، ئۇزۇن ساپلىق، ئۈچ تارلىق زەخمەك ياكى ناخۇل بىلەن چېلىنىدىغان بىر خىل رۇس چالغۇسى).

**domuz.** is. تۇڭگۇز، چوشقا.

**~ arabası.** ئېغىر يۈكلەرنى يېقىن يەرلەرگە توشۇيدىغان كىچىك چاقلىق، ئۈستى تۈز

ۋە ئاددىي هارۋا.

~ **ayağı** — هەربىي قوراللارنى تازىلايدىغان ئەسۋاب.

~ **gibi** — مىجەزى ئەسكى، جاهىل.

**domuzgiller.** is. تۈڭگۈز تىپىدىكى هايۋانلار.

**domuzluk, — ğu.** is. جاهىللىق، ئەسكى خۇيلۇق.

**don¹.** ① تون (كىيىم). ② ئىچكى كىيىم. ③ ئات تۈكىنىڭ رەڭگى.

**don².** isp. ئەپەندى:

«Don kişot — دون كىخوت.»

**Don.** is. öz. دون دەرياسى.

**donakalmak.** تىكىلىپ قاپ قالماق، هەيران قالماق.

**donanma.** is. ① كېمە، پاراخوت. ② بەزى بايراملاردا ياكى باشقا خۇشاللىق كۈنلەردە بايراق چىقىرىپ، مەشئەل يېقىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتلەر.

**donanmak.** ① بېزەلمەك، ياسانماق. ② نۇرلانماق، يورۇپ كەتمەك. ③ هازىرلانماق. ④ قاپلانماق، پۈركىنمەك.

«1. Gelin pek güzel donanmiş — كېلىن بەك چىرايلىق ياسىنىپتۇ.

2. Bugün şehir donanmiş — بۈگۈن شەهەر بەك يورۇپ كەتتى.

3. Agaçlar yapraklarla donandı. دەرەخلەر يوپۇرماقلا پۈركىنىپ كەتتى.»

**donatı.** is. ئۈسكۈنە، ئەسۋاب.

**donatılmak.** قوراللاندۇرۇلماق.

«Askeri birlikler iyi donatılmiş — هەربىي قىسىملار ئوبدانلا قوراللاندۇرۇلدى».

**donatım.** is. قورال - ياراق، ئەسۋاب، ئۈسكۈنە.

**donatmak.** ① كىيدۈرمەك. ② بېزىمەك، زىننەتلىمەك، ياسىماق. ③ ئۇزۇنغىچە تىللىماق، ئازار بەرمەك.

**doncumak.** ① تورۇپ قالماق. ② هەيران قالماق. ③ هېرىپ قالماق. ④ (ئوت - چۆپ) ئىسسىق ئۆتۈپ سېسىپ قالماق. ⑤ ئىچەككە كىرمەك (قىشلىق ئۇيقۇغا كىرمەك).

**dondurma.** is. ① توڭلىتىش، مۇزلىتىش. ② ماروژنى.

**dondurmaci.** is, ماروژنىچى.

**dondurmak.** توڭلاتماق، مۇزلاتماق.

«Soguk fedanları dondurdu — سوغۇق مايسىلارنى ئۈششۈتۈۋەتتى.»

**dondurucu.** s. is. ① توڭلىتىدىغان، مۇزلىتىدىغان. ② سۇنى توڭلىتىدىغان ئەسۋاب:

«Adamı dondurucu rüzgaresiyor — ئادەمنى توڭلىتىدىغان شامال چىقىدۇ.»

**dondurulmuş.** s. توڭلىتىلغان، مۇزلىتىلغان:

«Dondurulmuşçoktur — توڭلىتىلغان گۆش ناهايىتى كۆپ.»

**donlu.** s. كىيىملىك (ئۈستىدە كىيىمى بار).

**donmak.** ① توڭلىماق، مۇز تۇتماق. ② توڭلاپ قالماق:

«Su dondu — سۇ مۇز تۇتتى.

Geçen kış dağ yollarında epeyce adam dondu — ئۆتكەن قىش تاغ يوللىرىدا خېلىلا ئادەم توڭلاپ ئۆلدى.»

**donmuş.** s. توڭلىغان، مۇز تۇتقان.

**donra.** is. ① تېرە پاتقاقلىق. ② چاچ كېپىكى. ③ بەدەن كىرى.

**donsuz.** s. ① تونسىز، كىيىمسىز. ② كەمبەغەل، يوقسۇل، گاداي:
«Donsuzun biri — يوقسۇلنىڭ بىرى.»
**donuk.** s. ① توڭلىغان، مۇز تۇتقان، توڭلۇق. ② غۇۋۋا، تۇتۇق، خىرە. جانسىز:
« Donuk yıldız — خىرە يۇلتۇز.
Donuk adam — جانسىز ئادەم.»
**donuklaşmak,** خىرەلەشمەك، غۇۋۋالاشماق.
**donukluk, — gu.** is. ① خىرەلىك، غۇۋۋالىق. ② جانسىزلىق.
**don · yağı, — nı.** is. ① توڭ ياغ. ② سوغۇق چىراي، بەتبەشرە.
**dopdolu.** s. لىقمۇلىق.
**dor.** is. yun. دور (مىلادىدىن 1200 - يىل ئاۋۋال يۇنانىستانغا كېلىپ دورىس رايونىغا ئولتۇراقلاشقان ۋە يۇنان مەدەنىيىتىنى ياراتقان قوۋم).
**dorking.** is. ing. دوركىن (ئېنگلىز توخۇسى).
**dorset, — ti.** is. fr. دورسەت (ئېنگلىز قويى).
**dortuvar.** is. fr. مەكتەپ ياتىقى.
**doru.** s. is. تورۇق، جەرەن (ئات).
**doruk, — ğu** is. پەللە، چوققا:
«Tanrı dağının doruğu — تىيانشان تېغىنىڭ چوققىسى.»
**dorulamak.** چېكىداپ تولدۇرماق (لىق تولدۇرماق).
**dorum.** is. تايلاق، بوتا.
**dosa.** is. lat. پرىستانغا كىرىپ چىقىش ئۈچۈن ياسالغان كۆۋرۈك.

**dosdoğru.** s. بەك توغرا.
**dost, — tu.** is. s. far. ① دوست، ئاغىنە، بۇرادەر، ئاشنا. ② يار، سەۋگىلى. ③ خۇمار:
~ ağlatır, düşman güldürür — دوست، يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.
~ başa düşman ayağâ bakar — دوست باشقا، دۈشمەن ئاياغقا باقار.
**dostça.** s. z. دوستلارچە:
«Dostça konuşmak — دوستلارچە سۆزلەشمەك.»
**dostluk, — gu.** is. دوستلۇق.
**dosya.** is. fr. ئارخىپ، داگىئەن.
**doygun.** s. o. توق، قانائەتچان:
«Doygundur, böyle kazançları arayacak adam değildir — ئۇ قانائەتچان، مۇنداق پايدا قوغلاشمايدىغان ئادەم ئەمەس.»
**doygunluk, — ğu.** is. توقلۇق.
**doyma.** is. ① تويۇش. ② قانائەتلىنىش.
**doymak.** ① تويماق. ② قانماق، قانائەتلەنمەك:
«Bol yağmurla toprak suya doyar — مول يامغۇر بىلەن يەر سۇغا تويىدۇ.»
**doymaz.** s. تويماس، ئاچكۆز، تويمىغۇر.
**doymazlık, — gı.** is. تويماسلىق، ئاچكۆزلۈك.
**doymuş.** s. ① تويغان. ② قانائەتلەنگەن.
**doyum.** is. قانائەت.
**doyunmak.** تويۇنماق، تويماق.

**doyurmak—** تۇيغۇزماق، تويدۇرماق:
«Her gün bir kaç yoksulu doyurur— ھەر كۈنى بىرقانچە كەمبەغەلنى تويغۇزىدۇ».

**dönük.** s. ① ئارقىسىنى قىلىۋالغان. ② ئالاق - چالاق بولغان (كۆز). ③ بۇرالغان:
«Bana dönerek cevap verdi — ماڭا ئۆرۈلۈپ جاۋاب بەردى.»

**dönülmez.** s. قايتماس.

**~ yol.** تەھلىكىلىك ۋە خالتا كوچا.

**dönüm.** is. ① دەۋران، جەۋلان. ② قايتىش. ③ قېتىم، نۆۋەت. ④ كۈنلۈكى، ئايلىقى، يىللىقى. ⑤ كەڭلىكى 40 ئارشىن كېلىدىغان يەر ئۆلچەم بىرلىكى:
«1. Bu gitmenin bir de dönümü var — بۇ كېتىشنىڭ قايتىشى بار.
2. Üç donüm su getirdim — ئۈچ يول سۇ ئېلىپ كەلدىم.
3. Birinci ölüm yıl dönümü anıldı — ئۆلۈمىنىڭ بىرىنچى يىللىقى خاتىرىلەندى.»

**dönüş.** is. ① ئايلىنىش، پىرقىراش، چۆگىلەش، بۇرۇلۇش. ② قايتىش.

**dönüşmek.** ① ئۆزگەرمەك، ئايلانماق. ② باشقۇرماق:
«Bukadar az para ile nasıl dönüşecek? — بۇنچىلىك ئاز پۇل بىلەن قانداق باشقۇرغىلى بولىدۇ؟»

**dönüştürmek.** ئۆزگەرتمەك، ئايلاندۇرماق.

**dördül.** is. كىۋادرات، تۆت بۇرجەك، مۇرەببە.

**dördüncü.** s. تۆتىنچى.

**dördüz.** s. تۆت كېزەك.

**dört.** s. تۆت (4).

**dört.ayak, — ğı.** is. ① تۆت پۇتلۇق (ھايۋان). ② تۆت پۇت، تۆت ئاياغ:
«Dört ayak yürümek — تۆت پۇتلاپ يۈرمەك.»

**dört.ayaklı.** s. تۆت پۇتلۇقلار، تۆت ئاياغلىقلار.

**dört boynuzlu.** s. تۆت مۈڭگۈزلۈك.

**dörtgen.** is. تۆت بۇرجەك، تۆت قىر.

**dörtkaşlı.** s. ① بۇرۇتى خەت تارتقان (يىگىت). ② قاراقاش.

**dortlük, — ğü.** is. تۆتلۈك.

**dört. nal.** is. ① ھايۋاننىڭ تېز يۈگۈرۈشى، ھايۋاننىڭ چېپىشى. ② تېز يۈگۈرۈش، ئىشنى تېز قىلىش:
«Hayvanı dört nala kaldırmak ھايۋاننى تېز چېپىشقا قويماق.»

**döş.** is. تۆش:
«Döş yağı — تۆش يېغى.»

**döşek, — ği.** is. تۆشەك، ياتاق.

**döşekli.** s. ئولتۇراقلىق.

**döşem.** is. قۇرۇلما، تۆشەم:
«Sicak su döşemi — ئىسسىق سۇ قۇرۇلمىسى»

**döşeme.** is. ① بىنالاردا يەر قىسمىنى يېپىپ تۇرىدىغان تاختاي. ② بىناغا كېرەكلىك ئەشيا، قۇرۇلۇش ئەشياسى.

**döşemek.** ① تىزىپ يايماق. ② يايماق، پۈركىمەك، ياتقۇزماق:
«Tüm meydanı mermrle döşediler— پۈتۈن مەيدانغا مەرمەر تاش ياتقۇزدى.»

**döşenmek.** ① تىزىلىپ يېيىلماق. ② يېيىلماق، قاپلانماق. ③ ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالماق. ④ ئاچ-

چىغلانماق:

«Şimdiye kadar sabrediyordu bugün döşendi — ھازىرغىچە تاقەت قىلغانىدى، بۈگۈن ئاچچىقلاندى.»

**dövdü.** is. ① تۇقماق، چوقماق. ② پالتا، كەكە قاتارلىق سايمانلارنىڭ جۈلدىسى.

**dövdürmek.** ئۇردۇرماق، سوقتۇرماق.

**döveç,—ci.** is. كىلى.

**döven.** is. تۇلۇق (خارماننىڭ).

**döviz.** is. تاشقى پېرەۋوت، ۋەيخۇي.

**dövme.** is. ① ئۇرۇش، سوقۇش (نەرسىنى). ② بەدەنگە تامغا بېسىش. ③ سوقۇلغان نەرسە.

**dövmek.** ① ئۇرماق، سوقماق. ② يانجىماق، ئەزمەك، ئۇۋاتماق. ③ چۈۋۈقدىماق، قاقماق.

**dövülgen.** s. سوقۇلغان، ئۇرۇلغان.

**dövülmek.** ئۇرۇلماق، سوقۇلماق.

**dövünmek.** ① ئۆز ئۆزىنى ئۇرماق. ② ئېچىنماق.

**dövüş.** is. ① ئۇرۇش، سوقۇش. ② جېدەل، ماجرا.

**dövüşken.** s. ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق:

«Dövüşken çocuk — ئۇرۇشقاق بالا.

Dövüşken horuz — سوقۇشقاق خوراز.»

**dövüşmek.** ئۇرۇشماق، سوقۇشماق، جەڭ قىلىشماق.

**dövüştürmek.** ئۇرۇشتۇرماق، سوقۇشتۇرماق، جەڭ قىلدۇرماق.

**dragoman.** is. fr. تەرجىمان.

**dragon.** is. fr. ① چوڭ يىلان، ئەجدىھا. ② غەربنىڭ مەخسۇس فورمىدا كىيىنگەن بىرخىل ئاتلىق ياكى پىيادە ئەسكىرى.

**drahmi.** is. yan. ① قەدىمكى يۇنان پۇلى. ② 4.36 گرام ئېغىرلىقتا تەڭ كېلىدىغان گرېك ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

**drahoma.** is. yun. دراخوما (خرىستىئانلاردا كۈيئوغۇلغا كېلىن تەرىپىدىن بېرىلىشى ئادەت قىلىنغان پۇل ياكى مال).

**draje.** is. fr. شېكەرلەنگەن تابلېتكا ياكى كۇمۇلاچ دورا.

**dram.** is. fr. دراما، تىياتىر.

**dramatik.** s. دراماتىك.

**dramlaştırma.** is. دراملاشتۇرۇش، سەھنىلەشتۈرۈش.

**dramlaştırmak.** دراملاشتۇرماق، سەھنىلەشتۈرمەك.

**drenaj.** is. fr. سۇنى چىقىرىۋېتىش، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى.

**drezin.** s. fr. تۆمۈريوللاردا ئىشلىتىدىغان كىچىك هارۋا.

**dua.** is. دۇئا، ئاللادىن ياخشىلىق تىلەش، تىلەك.

**duacı.** is. دۇئاگۇي.

**duahan.** is. ar. far. دۇئاخان، دۇئاگۇي.

**dubara.** is. far. ھىيلە - مىكىر.

**dubaracı.** is. ھىيلىگەر، ئالدامچى، ساختىپەز.

**dubaracılık, — ğı.** is. ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك.

**dubl.** s. fr. جۈپ، قوش.

**duble.** is. fr. قوش ئەستەر.

**dublelik.** s. قوش ئەستەرلىك.

**dublör,—rü.** is. دۇبلۇر (تىياتىردا باش رولنى ئىجرا قىلغۇچى ئارتىس ئورنىدا

چىقىقۇچى ئارتىس، ئەينى بىر رولنى نۆۋەت بىلەن ئىجرا قىلغۇچى ئىككى ئارتىسنىڭ بىرى).

**dublür, – ü.** is. fr. ① ئەستەر. ② مەجبۇرىي ھەمراھ. ③ ئىككىنچى قەۋەت، نۇسخىسى، ئۈلگىسى.

**duçar.** s. far. دۇچار، مۇپتىلا، گىرىپتار:

«Hastalıga duçar olmak — كېسەلگە گىرىپتار بولماق.»

**duçret.** is. ar. قىسلىق، تارلىق.

**dudak, – ğı.** is. ① كالپۇك، لەۋ. ② ئاياللارنىڭ جىنسىي ئورگانىنىڭ لەۋى:

«Üst dudak — ئۈستۈنكى لەۋ.»

**dudaklık, – ğı.** كالپۇكلۇك.

**dudu[1].** s. far. ① خانىم. ② قېرى ئەرمەن ئايالى:

«Fatma dudu — پاتمە خانىم.»

**dudu[2].** is. far. zool. شاتۇت.

**duetto.** is. it. ئىككى كىشىلىك ناخشا.

**duhter.** is. far. قىز، قىزبالا.

**duhul.** ar. ئىچىگە كىرىش.

**duhuliye.** is. ar. ئىمپورت بېجى.

**duk, dük.** fr. پىرۋوسكا، پەيتۇن ھارۋىسى.

**Dukes.** is. بىر ئىنگلىز بالىلار دوختۇرى (1845 — 1925. - يىلغىچە ياشىغان).

**dul.** s. is. تۇل (ئايال).

**~ yaşmağı.** تۇل خوتۇننىڭ بېشىغا سالىدىغان ياغلىقى.

**~ yaşmağı başına** — سەنمۇ تۇل قالىسەن.

**dulda.** is. ① دالدا. ② ھىمايە.

**duldalamak.** قانات ئاستىغا ئالماق، قوغدىماق، ھىمايە قىلماق، دالدىلىماق.

**duldalanmak.** قانات ئاستىغا ئېلىنماق، ھىمايە قىلىنماق، دالدىلانماق.

**dulluk, – ğu.** is. تۇللۇق.

**duma, dumağı.** is. ئويمان، پەس، چوقۇر.

**Duma.** is. rus. دوما (چاررۇسسىيە زامانىدىكى رۇس پارلامېنتى).

**duman.** is. ① تۇمان، تۈتەك، بۇس، ئىس. ② خاراب.

**~ başına vurmak.** ئاچچىقلانماق.

**~ deliği.** تۈرخۇن.

**~ etmek.** چاچماق، بۇزماق.

**~ olmak.** ناھايىتى يامان ئەھۋالغا چۈشمەك.

**~ yapmak.** ئاز پۇل بىلەن كۆپ ئىش قىلماق، كۆپ پۇل قازانماق.

**dumancı.** s. ھايانكەش، ئاز پۇل بىلەن جىق پايدا كۆرگۈچى.

**dumanlamak.** ئىسلىماق، سۈرلىمەك:

«Balıkları dumanlamak — بېلىقلارنى ئىسلىماق (سۈرلىمەك).»

**dumanlanmak.** ① ئىسلانماق، سۈرلەنمەك. ② بۇلغانماق، ئېلىشىپ كەتمەك، مالىماتاڭ بولماق:

«Kafalır dumanlandı — كاللىلا ئېلىشىپ كەتتى.»

**dumanlı.** s. ① ئىسلىق، تۈتەكلىك، تۇمانلىق. ② قىيىنچىلىق، قىسچىلىق.

**dumanlık, – ğı.** is. تۇمانلىق، تۈتەكلىك.

**dumansız.** s. ئىسسىز، تۈتۈنسىز.

**dum dum.** is. بىرخىل ئوق.

**dun.** s. far. ① پەس، رەزىل.

② تۆۋەن، ئەرزان:
«Dun fiyat verdi satmadım — ئەرزان باھا بەردى، ساتمىدىم.»

**duo.** is.it. ئىككى ساز ياكى ئىككى ئاۋازغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا پارچىسى.

**dur.** تۇر (بۇيرۇق).

**duraç**[1]**, — cı.** is. قىرغاۋۇل.

**duraç**[2]**.** is. ① ھەيكەل قاتارلىقلارنى ئورنىتىدىغان تاپان. ② ئۇل.

**durağan.** s. تۇرغۇن، سابىت:
«Durağan yıldızlar — تۇرغۇن يۇلتۇزلار.»

**durak**[1]**, — ğı.** is. ①پۇيىز، ئاپتوبۇس لارنىڭ بېكەتلىرى. ② شېئىرىيەتتىكى تۇراق. ③ پائۇزا (توختاش).

**durak**[2]**.** is. تۈگىمەس شاپتۇلا.

**duraklamak.** ① توختىتىۋالماق، سۆز ئارىسىدا تۇرۇۋالماق. ② داۋام قىلدۇرالماسلىق، ھودۇقماق. ③ ئىككىلەنمەك.

**duraklı.** s. تۇرغۇنلۇق، قارارلىق.

**duraksamak.** ئىككىلەنمەك، نېمە قىلىشنى (دېيىشنى) بىلمەسلىك، تۇرۇپ قالماق.

**dural.** s. تىنچ، شۈك.

**duralamak.** ① پەسەيمەك، ئاستىلىماق. ② چۆچۈمەك.

**durdurmak.** توختاتماق، تۇرغۇزماق.

**durendiş.** s. يىراقنى كۆرىدىغان، يىراقنى چۈشىنىدىغان.

**durgun.** s. ① تۇرغۇن، تىپتىنچ.
② روھسىز، جانسىز، ھەرىكەتسىز:
«Durgun deniz — تىپتىنچ دېڭىز.»

**durgunluk, — ğu.** is. تۇرغۇنلۇق، تىپتىنچلىق.

**durmak.** ①تۇرماق، توختىماق. ② ساقلانماق. ③ كۈتمەك، سەۋرى قىلماق، تاقەت قىلماق. ④ ئولتۇرماق:
«Uygurların binlerce yıl önceki eserleri hâlâ duruyor — ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭلارچە يىل ئاۋۋالقى ئەسەرلىرى ھازىرمۇ ساقلانماقتا.»

**durmaksızın.** z. توختىماستىن، تىنىماستىن، ئارقا - ئارقىدىن.

**durmuş.** s. تۇرغان، تۇرۇپ قالغان:
«Durmuş et — تۇرۇپ قالغان گۆش.»

**duru.** s. سۈزۈك، ساپ، تازا، تىنىق:
«Duru su evlere getirildi — تىنىق سۇ ئۆيلەرگە توشۇلدى.»

**durulamak.** چايقىماق (كىرنى).

**durulanmak.** چايقالماق.

**durulmak.** ① تىنماق، سۈزۈلمەك:
② توختالماق:
«Su bulanıktı, duruldu — سۇ دۇغ ئىدى، تىندى.»
«Burada durulmaz — بۇ يەردە توختىغىلى بولمايدۇ.»

**durum.** is. ① ۋەزىيەت، ئەھۋال:
«Çinin iç durumu çok iyidir — جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى بەكمۇ ياخشى.»

**durumsamak.** ئىككىلەنمەك، تۇراقسىزلاشماق.

**duruş.** is. تۇرۇش، توختاش:
«Duruşundan bir derdi olduğu belli — تۇرۇشىدىنلا بىر دەردى بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.»

**duruşma.** is. دەۋاگەر ۋە جاۋابكارنىڭ سوت مەيدانىدا تۇرۇشى.

**duş.** is. fr. دۇش (مۇنچا):
«Duş bozulmuş — دۇش بۇزۇلۇپتۇ.»

**dut, — tu.** is. ①ئۈژمە. ② بەك مەست:

«Dut gibi olmak — قاتتىق مەست بولۇپ كەتمەك.»
**dutluk, – ğu.** is. ئۈژمىلىك (باغ).
**duvak, – ğı.** is. ① يۈپۈق (كېلىن ۋە بوۋاقلارنىڭ يۈزىگە ياپىدىغان). ② تۇۋاق، قاپقاق.
**duvaklamak.** يۈپۈق ياپماق (كېلىن ۋە بوۋاقنىڭ يۈزىگە).
**duvaklanmak.** ① كېلىن بولماق. ② يۈزىگە يۈپۈق يېپىنماق.
**duvaklı.** s. ①بېشى ۋە يۈزى يېپىلغان. ② تۇۋاقلانغان، تۇۋاقلىق، يېپىقلىق.
«Duvaklı gelin — يۈزى يېپىلغان كېلىن.»
**duvar.** is. far. ① تام، سوقما. ② توسۇق:
«Duvar gazetesi — تام گېزىتى.»
**duvarcı.** is. تامچى.
**~ çekici.** ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق بولقا.
**duvarcılık, – ğı.** is. تامچىلىق.
**duyar.** s. تۇيغۇن، سەزگۈر، ھوشيار، سەگەك.
**duyarlık – ği** .is. ① تۇيغۇنلۇق، سەزگۈرلۈك، ھوشيارلىق.
**dnygu** is. ① تۇيغۇ، ھېس. ② مۇھەببەت. ③ تەسىرات:
«Vatan duygusu — ۋەتەن مۇھەببىتى.
Buradan iyi duygularla ayrılıyorum — بۇ يەردىن ياخشى تەسىرات بىلەن ئايرىلدىم.»
**duygudaş.** s. ھېسداش.
**duygudaşlık, – ğı.** is. ھېسداشلىق.
**duygulamak.** تەسىر بەرمەك، تەسىر قىلماق.
**duygulandırmak.** تەسىرلەندۈرمەك، تەسىرات قالدۇرماق.
**duygulanmak.** تۇيغۇلانماق، تەسىرلەنمەك:
«Bu güzel davranışından çok duygulandım — بۇ ياخشى مۇئامىلىسىدىن ئوبدان تەسىرلەندىم.»
**duygulu.** s. تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق.
**duygun.** s. تۇيغۇن، زېرەك.
**duygunlaştırıcı.** s. تۇيغۇنلاشتۇرغۇچى، ھوشيارلاشتۇرغۇچى، سەزگۈرلەشتۈرگۈچى.
**duygunlaştırma.** is. تۇيغۇنلاشتۇرۇش، سەزگۈرلەشتۈرۈش، ھوشيارلاشتۇرۇش.
**duygunluk.** is. تۇيغۇنلۇق، ھوشيارلىق، سەزگۈرلۈك.
**duygusal.** s. ھېسسىياتنى قوزغايدىغان، تۇيغۇغا ئائىت.
**duygusuz.** s. تۇيغۇسىز، ھېسسىياتسىز.
**duygusuzluk, – ğu.** is. تۇيغۇسىزلىق، ھېسسىياتسىزلىق.
**duyma.** is. ① تۇيۇش، سېزىش، ھېس قىلىش. ② ئاڭلاش، تىڭشاش، ئىشىتىش.
**duymak.** ① تۇيماق، ھېس قىلماق، سەزمەك. ② ئاڭلىماق، تىڭشىماق، ئىشىتمەك. ③ خەۋەردار بولماق، بىلمەك:
«Yaptıklarını duydum — قىلغانلىرىنى بىلدىم.»
**duynak, – ğı.** is. تۇۋاق (ھايۋانلارنىڭ).
**duyu.** is. تۇيغۇ، سېزىم.
**duyulmak.** ① تۇيۇلماق، سېزىلمەك. ② بىلىنمەك، ئاڭلانماق، ئىشىتىلمەك.
**duyum.** is. تۇيغۇ، سېزىم.
**duyum ölçer.** is. ھېس - سېزىمنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب، سېزىم ئۆلچەر،

سېزىم ئۆلچىگۈچ.

**duyumsamazlık, –ğı** .is. سەزمەسلىك، تۇيماسلىق، ھېس قىلماسلىق.

**duyumsuzluk, – gu.** is. تۇيغۇسىزلىق، سەزگۈرسىزلىك.

**duyurmak.** ① تۇيدۇرماق، تۇيغۇزماق، سەزدۇرمەك. ② ئىشىتتۈرمەك، ئاڭلاتماق. ③ ھېس ئەتتۈرمەك.

**duyurucu.** s. تۇيدۇرغۇچى، تۇيغۇزغۇچى، ھېس قىلدۇرغۇچى، سەزدۈرگۈچى.

**duyuş.** is. ① تۇيۇش، سېزىش. ② تەسىرات.

**dûzah.** is. far. دوزاخ، جەھەننەم.

**duziko.** is. ھاراق.

**düalist, – ti.** is.fr. دۇئالىزم تەرەپدارى.

**düalistik.** s. fr. دۇئالىستىك.

**düalizm.** is. دۇئالىزم.

**düb.** is. ar. ئېيىق.

**düdük, – ğü.** is. ① دۈدۈك، ئۈشتەك، قوڭغۇراق. ② s. ئەقىلسىز ③ گۆدۈك.

**düdüklemek.** جىنسىي ئالاقىدە بولماق.

**düdüklü.** s. قوڭغۇراقلىق:

«Düdüklü oyuncuk — قوڭغۇراقلىق ئويۇنچۇق.»

**düelist, – ti.** is. fr. قىلىچۋازلىققا خۇشتار (ئامراق) ئادەم.

**düello.** is. it. دۇئېل (ئىككى شەخسنىڭ مەلۇم شەرتلەر ئاساسىدا يەككمۇ-يەككە قىلىچۋازلىق قىلىشى ياكى تاپانچا ئېتىششى.)

**düğme.** is. ① تۈگمە، توپچا. ② تۈكنى ئېچىپ ياپىدىغان ياكى ماشىنىنى ماڭدۇرىدىغان زاپچاس:

«Meme düğmesi — ئەمچەك تۈگمىسى.»

**düğmeci.** is. توپچا ياسىغۇچى ياكى ساتقۇچى.

**düğmek.** تۈگمەك، تۈگۈم قىلماق.

**düğmelemek.** تۈگمىلىمەك، توپچىلىماق.

**düğmelenmek.** تۈگمىلەنمەك، توپچىلانماق.

**düğmeli.** s. تۈگمىلەكلىك، توپچىلاقلىق.

**düğmesiz.** s. تۈگمىسىز، توپچىسىز.

«Düğmesiz ceket — تۈگمىسىز چاپان.»

**düğü.** is. ① ئاق ئۇششاق گۈرۈچ. ② پوستىدىن ئاجرىتىلغان بۇغداي.

**düğüm.** is. تۈگۈم، چىگىش:

«Bu, meselenin düğüm noktasıdır — بۇ، مەسىلىنىڭ چىگىش نۇقتىسىدۇر.»

**düğümlemek.** تۈگۈم قىلماق، تۈگمەك.

**düğümlenmek.** تۈگۈملەنمەك.

**düğümlü.** s. ① تۈگۈملەنگەن. ② تۈگۈملۈك:

«Düğümlü ip — تۈگۈملۈك يىپ.»

**düğün.** is. توي، مەرىكە، تۆكۈن.

**düğüncü.** is. ① تويغا تەكلىپ قىلغۇچى. ② توي ئىگىسى.

**düğünlük, – ğü.** s. تويلۇق.

**dükkân.** is. ar. دۇكان:

« Berber dükkanı — ساتىراشخانا.

Kumaş dükkanı — رەخت دۇكىنى.

Bakkal dükkanı — باققال دۇكىنى.»

**dükkancı.** s. دۇكانچى.

**düldül.** is. ar. ① دۇلدۇل (ھەزرىتى ئەلىگە مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان قېچىر). ② چاقچاق قىلىپ ئەسكى ئاتلارغا دېيىلىدىغان ئوخ-

شتتش سۆزى. ③ كونا ئاپتوموبىل.

**dülger.** is. far. بىناكارلىقتا ياغاچ - تاش ئىشلىرىنى قىلىدىغان كىشى.

**dümbelek, – ği.** is. ① ناغرا، دۇمباق. ② ئاگىسىز ئەر.

**dümbelekçi.** is. دۇمباقچى، ناغرىچى.

**dümdar.** is. far. ئارقا سەپ، ئارقا سەپ ئارمىيىسى.

**dumdüz.** s. ①تۈپتۈز. ② ئاددىي - ساددا. ③ مۆلك، دۆت:

«1· Dümdüz bir yol — تۈپتۈز يول.

2· Dümdüz bir elbise — ئاددىي بىر كىيىم.

3· Öyle dümdüz bir adam sanatçı olamaz — ئۇنداق مۆلك ئادەم ھۈنەرۋەن بولالمايدۇ.»

**dümen.** is. it. ① پاراخوت رولى. ② ھىيلە، سۇيىقەست، مىكىر. ③ يول باشلىغۇچى، رەھبەر.

**dümenci.** is. ① پاراخوتتا رولچى. ② ئەڭ كەينىدىكىسى، ئارقىدا قالغىنى، ئاخىرقىسى.

**dün.** is. تۈنۈگۈن:

«Dun söyledi — تۈنۈگۈن سۆزلىدى.»

**dünden.** z. ① تۈنۈگۈندىن. ② ئۇزۇندىن، تەقەززا بىلەن، تۆت كۆز بىلەن، ھەۋەس بىلەن:

«Dünden kalma iş. — تۈنۈگۈندىن قالغان ئىش.

O bu işe dünden razı — ئۇ، بۇ ئىشقا ئۇزۇندىن رازى.»

**dünkü.** s. ① تۈنۈگۈنكى. ② بەك يېڭى، يېڭى ئىشقا باشلىغان. ③ تېخى يېڭىلىقى:

«Dünkü olayda zarar görmedik — تۈنۈگۈنكى ۋەقەدە زىيان تارتمىدۇق.

O daha dünkü memur, neden ücretine zam yapılsın — ئۇ تېخى يېڭىدىنلا خىزمەتكە كىرگەن تۇرسا، قانداقمۇ مائاشى ئۆستۈرۈلسۇن؟»

**dünü.** is. نەپىس، كۆڭۈل:

«Bu adam dünü yüzünden mahvoldu — بۇ ئادەم كۆڭۈلىنىڭ ئارقىغا كىرىپ تۈگەشتى.»

**dünür.** is. قۇدا، - باجا.

~ **düşmek** كىشى قويماق، ئەلچى قويماق، سۆز سالماق (قىزغا).

~**gezmek.** ئەلچىلىككە كىرمەك (قىزغا).

**dünürlük, – ğü.** قۇدا - باجىلىق.

**dünüş.** is. قېيىن ئانا.

**dünya.** is. ar. ① دۇنيا، جاھان، ئالەم. ② كەڭ ۋە ئادىمى جىق يەر. ③ كۆز قاراش، چۈشەنچە.

**dünyalık, – ğı.** is. ① مال - دۇنيا. ② مال - مۈلۈك. ③ پۇل.

**dünyavi.** s. ar. دۇنياۋى، دۇنيالىق.

**düpedüz.** z. تۈپتۈز، ئۇدۇل:

«Düpedüz bir adam — تۈپتۈزلا بىر ئادەم.»

**dür.** is. ar. ئۈنچە - مەرۋايىت.

**dürbün.** is. far. دۇربۇن.

**dürbünlü, – ğü.** is. دۇربۇنلۇق:

«Dürbünlü tüfek — دۇربۇنلۇق مىلتىق.»

**dürgâne.** is. ① ئۈنچە دانىلىرى. ② قىممەتلىك، سۆيۈملۈك. ③ ئايال ئىسمى.

**dürme.** is. → **lahane.**

**dürmek.** ①تۈرمەك. ② يۆگىمەك، قاتلىماق:

«Kağıdı dürmek — قەغەزنى تۈرمەك.»

**dürtlengiç** is. ئۈچى ئۈچلۈق ياغاچ.

(هايۋانلارنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن سانجىيدىغان)، تۈرتكۈچ.

**dürtmek.** ① تۈرتمەك. ② تەگمەك. ③ تەشۋىق، تەرغىپ.

**dürtüklemek.** ① ئارقا ـ ئارقىدىن تۈرتمەك ②تەشۋىق قىلماق. تەرغىپ قىلماق:

«Eşeği türtüklemek — ئېشەكنى تۈرتۈپ قويماق.»

**dürtülmek.** تۈرتۈلمەك.

**dürtüşmek.** تۈرتۈشمەك، بىر ـ بىرىنى تۈرتمەك.

**dürtürmek.** تۈرتۈشتۈرمەك.

**dürü.** is. ① تۈرۈم، تۈرتكەن نەرسە. ② تېيلۇق ھەدىيە، توي لازىمەتلىكى.

**dürülmek.** تۈرۈلمەك، ئورالماق، يۆگەلمەك.

**dürüm.** is. ① تۈرۈم. ② رەختلەرنىڭ قاتلانغان يېرى. ③ قاتلىما (نان) نىڭ قېتىق بىلەن تۈرۈلۈشى:

«Halıcinin dürümü sıkı olmuş — گىلەمچىنىڭ تۈرۈمى چىڭ بوپتۇ.»

**dürüst, – tü.** s. دۇرۇست، توغرا.

**dürüşt, – tü.** s. far. سەت، قوپال، يىرىك:

«Dürüşt muamele — قوپال (يىرىك) مۇئامىلە.»

**dürzü.** is. ar. قاتتىق ھاقارەت سۆزى.

**düstur.** is. ar. ① دەستۇر، تۈپ پرىنسىپ، قانۇن، نىزام. ② قانۇنلار كىتابى. ③ فورمۇلا، قائىدە. ④ چوڭ دەپتەر.

**düş.** is. ① چۈش، خىيال، ئوي:

«Akşam güzel bir düş gördüm — ئاخشام ياخشى بىر چۈش كۆردۈم.»

**düşelge.** is. مىراس، تەگمىش.

**düşerlik, – ği.** is. نېسىۋە، ئۈلۈش، ھەسسە:

«Bunda düşerliğin var — بۇنىڭدا نېسىۋەڭ بار.»

**düşes.** is. far. بىر خىل ئۈزۈم شىرە.

**düşgelmek.** دۈچ كەلمەك، ئۇدۇل كەلمەك، توغرا كەلمەك، ئۇچراپ قالماق.

**düşkü.** is. نەزەردىن چۈشۈش، چۈشكۈ.

**düşkün.** s. ① چۈشكۈن. ② كۆپ بېرىلىپ كەتكەن (بىر نەرسىگە). ③كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن قالغان:

«İçkiye düşkün bir adamdır— ئىچىملىككە بېرىلگەن بىر ئادەم.»

**düşkünleşmek.** چۈشكۈنلەشمەك.

**düşkünlük, – ğü.** is. ① چۈشكۈنلۈك. ② مىسكىنلىك. ③ بېرىلگەنلىك (بىر نەرسىگە)، كۆڭلىنى بەرگەنلىك:

«Kumara düskünlük — قىمارغا بېرىلگەنلىك.»

**düşman.** is. s. far. ① دۈشمەن. ② زەھەرلىك نەرسە. ③ كۆپ ئىستېمال قىلغۇچى:

«1. Emperyalizm halk düşmanıdir — جاھانگىرلىك خەلق دۈشمىنىدۇر.

2. Sigara insan sihati için buyük bir düşmandır — تاماكا ئىنساننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ دۈشمەندۇر.

3. Ekmek düşmanı — نان دۈشمىنى.»

**düşmanlık, –ğı.** دۈشمەنلىك، دۈشمەنچە:

«Bu düşmanlık bir eylemdir — بۇ دۈشمەنلىك ھەرىكەتتۇر.»

**düşmek.** ① چۈشمەك. ② تۆكۈلمەك. ③ ياغماق، چۈشمەك. ④ پەسەيمەك.⑤. خارابلاشماق، كەمبەغەللەشمەك.⑥ ئاجىزلاشماق. ⑦گىرىپتار بولماق، ئۇچرىماق.⑧بەك بېرىل

مەك، بەك ھەۋەسلەنمەك. ⑨ قولغا كەلمەك. ⑩ ئازايماق، كېمەيمەك. ⑪ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلماق، خىزمىتىدىن چۈشمەك. ⑫ بالا تاشلىۋەتمەك، ۋاقتىدىن ئىلگىرى تۇغۇلماق. ⑬ قوشۇلماق. ⑭ ياراشماق، ئۇيغۇن كەلمەك، لايىق كەلمەك. ⑮ ئاستىلاشماق. ⑯ چىقماق. ⑰چىپچىلماق. ⑱ دۈشمەن قولىغا ئۆتمەك:

«1· Ağaçtan bir yaprak düştü — دەرەختىن بىر يوپۇرماق تۆكۈلدى.

2· Çocuk koşarken düştü — بالا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

3· Kar düştü — قار چۈشتى.

4· Düşmüş bir aile — خارابلاشقان ئائىلە.

5· Belaya düşmek — كېلىشمەسلىككە گىرىپتار بولماق.

6· İki bakan düştü — ئىككى مىنىستىر خىزمىتىدىن ئايرىلدى.

7· Sekiz aylık düşenler arasında yaşayanlar enderdir — سەككىز ئايلىق تۇغۇلغانلار ئوتتۇرىسىدا ھايات قالغانلىرى ئاز.

8· Trenin hızı düştü — پويىزنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاشتى.

9· Sabah sokağa düştüm — ئەتىگەندە كوچىغا چىقتىم.

10· şehir düştü — شەھەر دۈشمەن قولىغا ئۆتتى.»

**düşük.** s. ① چۈشۈك، چۈشكەن. ② تۆۋەن، ئەرزان. ③ بۇزۇق، ئەخلاقسىز. ④ ئۆلۈك تۇغۇلغان بالا. ⑤ مۇجمەل، چۈشىنىكسىز:

«1· Düşük diş — چۈشكەن چىش.

2· Düşük fiyat — تۆۋەن (ئەرزان) باھا.

3· Büşük bir kadın — بۇزۇق بىر خوتۇن.

4· Düşük cümle — چۈشىنىكسىز جۈملە.»

**düşülük, – ğü.** is. چۈشۈكلۈك، تۆۋەنلىك، ئەرزانلىق.

**düşüm.** s. خاماندىكى ئاشلىق دۆۋىسىگە قىلىنغان بەلگە.

**düşümdeşlik, – ği.** is. بىرقانچە ۋەقەنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلۈشى.

**düşümdeşmek.** بىرقانچە ۋەقە بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلمەك.

**düşünce.** is. ① چۈشەنچە. ② پىكىر، ئىدىيە. ③ ئەندىشە. ④ ئوي:

«Maozedung düşünceleri — ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى.

Bu haberi duyunca beni bir düşünce aldı — بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن مېنى ئوي قاپلىدى.»

**düsünceli.** s. ئاڭلىق، ئەندىشىلىك، قايغۇلۇق:

«Düşünceli hareket eden hayal krıklığına uğramaz — ئاڭلىق ھەرىكەت قىلغان خىيالغا چۆكمەيدۇ.

Sizi düşünceli görüyorum — سىزنى قايغۇلۇق كۆرىمەن.»

**düşüncesiz.** s. ① ئاڭسىز. ② غەمسىز، قايغۇسىز، ئەندىشىسىز.

**düsüncesizlik, – ği.** ① ئاڭسىزلىق. ② غەمسىزلىك، قايغۇسىزلىق، ئەندىشىسىزلىك.

**düşündürmek.** ئويلاندۇرماق.

**düşündürücü.** s. ئويلاندۇرغۇچى.

**düşünme.** is. ئويلىنىش، تەپەككۇر.

**düşünmek.** ① ئويلىماق، چۈشەنمەك،

كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك. ② خاتىرىلىمەك، ئەسلىمەك. ③ قايغۇرماق. ④ مۇھاكىمە قىلماق:

«Bukonuyu uzun uzun düşündüm — بۇ مەسىلىنى خېلى ئۇزۇن مۇھاكىمە قىلدىم.»

**düşünmeksizin.** z. ئويلانماستىن، مۇھاكىمە قىلماستىن:

«Bu işi hiç düşünmeksizin yapmiştir — بۇ ئىشنى زادىلا ئويلانماستىن قىپتۇ.»

**düşünücü.** is. → **Düşünür**

**düşünülmek.** ① ئويلانماق، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك. ② مۇھاكىمە قىلىنماق، تەتقىق قىلىنماق.

**düşünür.** is. ① مۇتەپەككۇر. ② پىكىر ئەھلى:

«Büyük düşünür Mahmut kaşkarı — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مەھمۇت قەشقەرى.

Büyük Çin düşünürleri — ئۇلۇغ جۇڭگو مۇتەپەككۇرلىرى.»

**düşünüş.** is. چۈشەنچە ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى:

«Herkesin bir düşünüşü var — ھەركىمنىڭ بىر (خىيالى) پىكرى بار.»

**düşürmek.** ① چۈشۈرمەك، پەسەيتمەك، تۆۋەنلەتمەك. ② تاشلىماق:

«Kadın çocuk düşürür — خوتۇن بالا تاشلىۋەتتى (چۈشۈرۈۋەتتى).»

**düşürtmek.** ① چۈشۈرتمەك. ② تاشلاتماق.

**düşürücü.** is. بالا چۈشۈرىدىغان دورا ۋە ھەرىكەت.

**düşüş.** is. ① چۈشۈش، پەسىيىش، تۆۋەنلەش. ② پۇرسەت:

«Obir düşüştü, her zaman olmaz — ئۇ بىر پۇرسەت، ھەمىشە بولۇۋەرمەيدۇ.»

**düşüt, — tü.** is. چۈشۈپ كەتكەن بالا.

**düt.** is. دۈدۈك، گۈدۈك، ئىستىردىق.

**düttürü.** s. ① غەلىتە كىيىنگەن. ② كۈلكىلىك كۆرۈنگەن (كىيىم). ③ ئاجايىپ ۋە تار (كىيىم).

**düve** is. بىر ياشلىق چىشى توپاق.

**düvelek, divlek, — ği** is. ① بىر خىل كىچىك قوغۇن. ② خەمەك، سويما.

**düven.** is. → **Döven.**

**düvesimek.** كۈيەككە كىرمەك (بۇقا).

**düz¹.** s. ① تۈز، تەكشى. ② سىدام، ئاددىي:

«1· Düz yazı — نەسىر.

2· Düz yer — تۈز يەر.

3· Düz kumaş — سىدام رەخت.

4· Düz kumaş — بىرلا رەڭلىك رەخت.

5· Düz adam ئاددى ئادەم.

**düz².** is. پۇراقسىز ئۈزۈم ھارىقى.

**düzayak.** s. ئىچىدە پەلەمپەي قىسمى بولمىغان (ئۆي، يەر، يول).

**düzeç, — ci.** is. تەڭشەك، تۈزلۈكنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**düzlemek.** ① تۈزلەنمەك. ② تۈزەلمەك، ياخشىلانماق، ساقايماق. ③ تەرتىپكە چۈشمەك، رەتلەنمەك. ④ يولغا چۈشمەك:

«1· Toprak basıla basıla büzelir — يەر بېسىلىپ ـ بېسىلىپ تۈزلىنىدۇ.

2· Sağlığı düzeldi. سالامەتلىكى ياخشىلاندى.

3· Oda düzeldi — ئۆي رەتلەندى.

4· Iş düzeldi — ئىش يولغا چۈشتى.»

**düzeltici.** s. ① تۈزلىگۈچ، رەتلىگۈچ، تەرتىپكە سالغۇچ، تەڭشىگۈچ. ② تۈزەتكۈچ، ئۆزگەرتكۈچ.

**düzeltilmek.** ① رەتلەنمەك، تەرتىپكە سېلىنماق، تەكشەلمەك. ② تۈزىتىلمەك، ئۆزگەرتىلمەك.

**düzeltme.** ①تۈزىتىش. ② ئۆزگەرتىش.

**düzeltmek.** ①تۈزەتمەك. ② ئۆزگەرتمەك، ئوڭشىماق، ئىسلاھ قىلماق، رېمونت قىلماق.

**düzen.** is. ① تەرتىپ، ئىنتىزام، نىزام. ② ھىيلە:

«Bu söz onun düzenidir — بۇ سۆز ئۇنىڭ ھىيلىسىدۇر.»

**düzenbaz.** s. ھىيلىگەر.

**düzenci.** s. → **Düzenbaz.**

**düzenek, – ği.** is. ھازىرلانغان نەرسە.

**düzengeç, – ci.** is. تورمۇز.

**düzenleme.** is. ① تەرتىپكە سېلىش، رەتلەش، رەتكە سېلىش. ② تەڭكەش قىلىش، تەڭشەش.

**düzenlemek.** ① تەرتىپكە سالماق، رەتلىمەك، رەتكە سالماق. ② يولغا سالماق. ③ تەڭكەش قىلماق، تەڭشىمەك.

**düzenlenmek.** ①تەرتىپكە سېلىنماق، رەتلەنمەك، رەتكە سېلىنماق. ② تەڭشەلمەك، تەڭكەش قىلىنماق.

**düzenleyici.** is. ① رەتلىگۈچى، تەرتىپكە سالغۇچى. ② تەڭكەش قىلغۇچى.

**düzenli.** s. ① تەرتىپلىك، رەتلىك:

«Düzenli bir oda — رەتلىك ئۆي.»

② تەڭشەكلىك، تەڭكەشلىك:

«Düzenli saz — تەڭشەكلىك ساز.»

**düzensiz.** is. ① رەتسىز، تەرتىپسىز. ② ئىنتىزامسىز.

**düzensizlik, – ği.** is. ① تەرتىپسىزلىك، رەتسىزلىك. ② ئىنتىزامسىزلىق.

**düzetmek.** → **Düzeltmek.**

**düzey.** is. سەۋىيە:

«Halkın yaşam düzeyi çok düşüktür — خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بەك تۆۋەن.»

**düzgü.** is. ① قائىدە، دەستۇر. ② مۇزىكانتچىلىق، مۇزىكا ئىجادچىلىقى.

**düzgülü.** s. نورمال.

**düzgün**[1]. s. توغرا، دۇرۇس:

«Partinin düzgün çizgisinden saptamamalı — پارتىيىنىڭ توغرا سىزىقىدىن چەتنەپ چىقماسلىق كېرەك.»

**düzgün**[2]. is. ئۇپا.

**düzgüncü.** is. ① ئۇپا ساتقۇچى. ② كېلىننى ياسىغۇچى (يەڭگە).

**düzgünlemek.** ئۇپا سۈرمەك.

**düzgünlük, – ğü.** is. ① توغرىلىق، دۇرۇسلۇق. ② ئۇپا قۇتىسى.

**düzine.** is. it. دۈژىنە:

«Bir düzine kalem — بىر دۈژىنە قەلەم.»

**düzlem.** s. تۈزلۈك، تۈزلەڭ.

**düzleme.** is. تۈزلەش، سىلىقلاش.

**düzlemek.** تۈزلىمەك، سىلىقلىماق.

**düzlemlik, – ği.** is. تۈزلەڭلىك، تۈزلەملىك.

**düzlenmek.** تۈزلەنمەك.

**düzleşmek** تۈزلەنمەك، تۈزلەشمەك (نەرسە).

**düzlük, – ğü.** is. ① تۈزلۈك، تۈزلەڭلىك. ② ئاددىيلىق، ساددىلىق:

«Kiyafetinin dûzlüğünü gören onun zengin olduğunu hiç ummaz — ئۇنىڭ ئاددىي كىيىۋالغىنىغا قاراپ، باي ئىكەنلى-

لىكىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.»

**düzme.** is. ① تۈزەش، رەتلەش، تەر- تىپكە سېلىش. ②ياسالما، ياسىما، ساختا: «Düzme söz — ياسىما سۆز.»

**düzmece.** s. ياسالما، ساختا، ئويدۇرما.

**düzmeci.** s. ساختىپەز، يالغانچى،كاززاپ.

**düzmecilik, – ği.** is. ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، كاززاپلىق.

**düzmek.** ① تۈزمەك. ② قىلماق، مەيدانغا كەلتۈرمەك.③ شېئىر يازماق، قوشاق تۈز- مەك. ④ ئويدۇرماق. ⑤ جايلىماق، ئەپلىمەك (سەت مەنىدە).

# E.e

**e. E.** ئە (تۈرك ئېلىپبەسىنىڭ ئالتىنچى ھەرپىۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالتىنچىسى).

**ebabil.** is. ar. zool— ① تاغ قارلىغىچى. ② قاتار ئۇچقان قۇشلار توپى.

**ebâd.** s. → **Ebat.**

**ebat.** is. osm. ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق.

**ebe.** is. كىندىك ئانا، تۇغۇت ئانىسى.

**ebed.** → **Ebet.**

**ebedi.** s. ar. ئەبەدىي، مەڭگۈ.

**ebedilik, — ği.** is. مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك.

**ebediyen.** is. ar. مەڭگۈلۈك.

**ebediyet, — ti.** is. ⇒ **Ebedilik.**

**ebelik, —ği** is. كىندىك ئانىلىق، تۇغۇت ئانىلىق.

**ebeveyn.** is. ar. ئاتا ـ ئانا.

**ebir, — leri.** is. far. بۇلۇت.

**ebkem.** s. ar. تىلسىز، گاچا.

**ebkemiyet, — ti.** is. ar. تىلسىزلىق، گاچىلىق.

**ebleh.** s. ar. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئەقىلسىز، ئەخمەق.

**eblehlik,—ği.** is ئەخمەقلىق، ئەقىلسىزلىق، دۆتلۈك.

**ebr,ebir.** is. far. بۇلۇت.

**ebru¹.** is. far. قاش.

**ebru².** s. is. far. ① بۇلۇتقا ئوخشاش. ② نەرسىنىڭ يۈزىگە بىرىلگەن تۈرلۈك بېزەك.

**ebrucu.** is. بېزەكچى، زىننەتلىگۈچى.

**ebruli.** s. → **Ebrulu.**

**ebrulu.** s. بېزەكلىك، بوياقلىق (قەغەز ياكى رەخت).

**ebter.** s. ar. ① قۇيرۇقى كېسىك (ھايۋان). ② تۇغماس، قىسىر. ③ كېرەكسىز، پايدىسىز.

**eb üliyometre.** is. fr. نەرسىنىڭ قايناش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**eb üliyoskop,—pu.** is. **Ebüliyometre.**

**ebyaz.** s. ar. ئاپئاق.

**ecanip.** is. ar. ئەجنەبىيلەر، چەت ئەللىكلەر.

**ecdat.** is. ar. ئەجداد، ئاتا ـ بوۋىلار.

**ece.** is. ① قىرالىچە. ② ئانا. ③ ئاكا، ئاچا. ④ قېرى خوتۇن.

**ecel.** is. ar. ئەجەل:
«Eceli gelen köpek came duvarına siyer — ئەجىلى توشقان ئىت مەسچىتنىڭ تېمىغا سىيەر.»

**ecelâcayip.** s. ar. بەك ئاجايىپ، بەك غارايىپ.

**ecinli, ecinni.** is. ar. جىن.

**ecir,—cri.** is. ar. ① ئەجىر. ② ساۋاب.

**ecir.** s. ar. مائاشلىق.

**eciş. bücüş.** s. ① ئەگرى ـ بۈگرى. ② قەدىرسىز، ئېتىبارسىز.

**ecnebi.** s. is. ar. ①ئەجنەبىي، چەت ئەللىك. ② باشقا مەملىكەت، چەت مەملىكەت، چەت ئەل.

**ecr.** is. ar. مائاش.

**ecvef.** s. ar. ① بوش، كاۋاك. ② بىلىمسىز، نادان، ئەخمەق.

**ecvet** s. osm. قولى ئوچۇقلۇق، سېخىيلىك، مەردلىك.

**ecza.** is. ar. ① پارچىلار، ئۇسكۇنىلەر. ② دورا. ③ تۈپلەنمىگەن كىتاب. ④ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن دورا ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ماددىلار:

«Ecza dolabi — دورا ئىشكاپى.»

**eczacı.** is. دورىگەر.

**eczacılık, — ğı.** is. دورىگەرلىك.

**eczane.** is. ar. دورىخانا، ئاپتېك.

**eçhel.** s. ar. قاراتۈرۈك،بىلىمسىز،نادان.

**eda.** is. ar ① قىياپەت. ② پوزىتسىيە. ③ ئىپادىلەش ئۇسۇلى. ④ ھۆرمەتسىزلىك، قوپاللىق، توڭلۇق.

**edafoloji.** is. تۇپراقشۇناسلىق.

**edali.** s. ① جىددىي، كەسكىن، ئەستايىدىل. ② ھەيۋەتلىك.

**edâmi.** is. پەسكەشلەر.

**edat, — tı.** is. ar. باغلىغۇچى (تىلدا) مەسىلەن: ھەم، بىلەن، ئۈچۈن، خۇددى، ۋە قاتارلىقلار.

**ede.** is. ئاكا.

**edeb.** is. ar. ئەدەب، تەربىيە، ئەخلاق.

**edebhane.** is. ھاجەتخانا، خالا جاي، تەرەتخانا، ئەسكىلىك.

**edebi.** s. ar. ئەدەبىي.

**edebiyat, — tı** is. ar. ئەدەبىيات.

**edebiyatçı.** is. ئەدىب.

**edeme.** is. تېرىنىڭ ئاستى.

**edememek.** بىئارام بولماق.

**edep, — bi.** is. ar. ئەدەب، ئەخلاق، تەربىيە، ھايا.

~ **yeri** — ھايالىق يەر، ئەۋرەت يېرى.

**edeplenmek.** ئەدەبلىك بولماق.

**edepli.** s. ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، ھايالىق.

**edepsiz.** s. ئەدەبسىز، ئەخلاقسىز، تەربىيىسىز، ھاياسىز.

**edepsizce.** z. ئەدەبسىزلەرچە.

**edepsizleşmek.** ئەدەبسىزلەشمەك، ئەخلاقسىزلاشماق.

**edepsizlik, — ği.** is. ئەدەبسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، تەربىيىسىزلىك.

**eder.** is. باھا، قىممەت، تاپان ھەققى، ماڭلاي تەرى.

**edevat, — tı.** is. ar. قوراللار، ئەسۋابلار.

**edib, edibe.** is. → **Edip.**

**edibane** z. far. ① نازاكەتلىك، پاساھەتلىك. ② ئەدەبىياتقا ئۇيغۇن.

**edik, — ği.** is. مەسىسە (ئاياغ كىيىم)، پوپۇش.

**edilgen.** s. is. مەجھۇل:

«Görülmek ,bilinmek edilgen fiillerdir — كۆرۈلمەك، بىلىنمەك مەجھۇل پېئىللەردۇر.»

**edilmek.** قىلىنماق، ئىشلەنمەك:

«Çok yardım edildi — كۆپ ياردەم قىلىندى.»

**edimsel.** s. fels. ئەمەلىي، ھەقىقىي.

**edinç, — ci.** is. نەتىجە، ئۇتۇق.

**edinik.** s. قىلىنغان، ئىشلەنگەن.

**edinim.** is. ئىگە بولماق.

**edinme.** is. ئىگە بولۇش، قولغا كەلتۈرۈش، ئېرىشىش، ئىگىلەش.

**edinmek.** ئىگە بولماق، قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك.

**edip, — bi.** is. ar. s. ① ئەدىب، يازغۇچى. ② ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، تەرتىپلىك.

**ediye.** is. ar. دۇئالار، نىياز.

**edna.** s. ① ئەڭ ئاز. ② ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئەسكى.
**edükasyonizm.** is. fr. مائارىپچىلىق.
**edvâr.** is. ar. ① دەۋرلەر، زامانلار، چاغلار. ② شەرق مۇزىكىلىرى توغرۇلۇق كىتاب.
**efâl.** is. ar. پېئىللار.
**efe.** is. ① ئاكا. ② يىگىت.
**efektif.** s. is. fr. نەق پۇل.
**efendi.** is. rum. ① ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم. ② ئەپەندى، جاناب، جانابلىرى.
**efendice.** z. ئەپەندىلەرچە.
**efendilik, – ği.** is. ① ئوقۇتقۇچىلىق، مۇئەللىملىك. ② ئەپەندىلىك، جانابلىق.
**efendim.** ① ئەپەندىم، مۇئەللىم. ② نېمە، خوش؟ نېمىدەيسىز؟. ③ جانابلىرى، ئالىي كىراملىرى.
**efgan.** is. far. ① پىغانلار. ② ئەر ئىسمى.
**efganlı** → **Afganlı.**
**efkâr.** is. ar. ① «پىكىر» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى. ئىدىيىلەر. ② قايغۇ، غەم، ھەسرەت.
**efkâr.umumiye.** is. ar. جامائەت پىكىرلىرى.
**efkârlanmak.** قايغۇلانماق، ھەسرەت چەكمەك.
**efkârlı.** s. قايغۇلۇق، غەمكىن، ھەسرەتلىك.
**eflâk, – ki.** is. ar. ①«پەلەكلەر» دېگەن مەنىدە بەك ئېگىز دېگەنلىك بولىدۇ. ② تەلەيلەر.
**muhasebe.** is. ar. ① ھىساباتى ② ھىساـ
بات بۆلۈمى، بوغالتىرىيە.
**muhasebeci.** is. s. بوغالتىر.
**muhasede.** is. ھەسەت قىلماق، قىزـ
غانماق.
**muhasır.** s. ar. مۇھاسىر، قورشاۋ.
**muhasip, – bi.** is. ar. ھىسابچى، بوغالتىر.
**muhasiplik, – ği.** is. بوغالتىرلىق.
**muhassal.** s. ar. ① مەھسۇلات. ② سۆزنىڭ
قىسقىسى، ھاسىلكالام.
**muhassan.** s. كۈچلەندۈرۈلگەن.
**muhassas.** s. ar. ئايرىلغان، بىرىلگەن،
مەخسۇسلاشتۇرۇلغان.
**muhassasat.** is. ar. ① مائاش قاتارلىق
بىرىلگەن نەرسىلەر. ② دۆلەت بوتچىتىدە
ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۈچۈن ئايرىلغان
پۇل.
**muhassen.** s. ar. ① گۈزەل. ② نازۇك.
**muhassenat.** is. ① پايدىلىق، ياخشى،
خەيرلىك ئىشلار. ② مەنپەئەتلىك.
**muhasser.** s. ar. ھەسرەتتە قالغان.
**muhassıl.** s. ar. ئىشلەپ چىقىرىلغان، بارـ
لىققا كەلتۈرۈلگەن.
**muhassirin.** is. زەرەر ۋە زىيانغا سەۋەب
بولغان نەرسە ياكى ئادەم.
**muhaşşi**[1]. s. ar. ھاشىيە ئىشلىگۈچى
(كىتابقا).
**muhaşşi**[2]. s. ar. قورقۇتقۇچى.
**muhat**[1]. is. ar. ماڭقا، ماڭقىغا ئوخشاش
سۇيۇقلۇق.
**muhat**[2]. s. ar. ① ئەتراپى قورشالغان،
چىتلانغان. ② بىر نەرسىنىڭ ئىچىدە بولغان.
**muhatap, – bi.** is. ar. ① خىتاب، سۆز قاـ
رىتىلغۇچى (ئادەم). ② ئىككىنچى شەخس.
**muhatara.** is. ar. ① قورقۇنچلۇق ھال،
خەتەر. ② زەرەر، زىيان.
**muhataral.** s. خەتەرلىك.
**muhatarat.** is. قورقۇش، خەتەر (كۆپلۈك).
**muhat.** s. ماڭقىغا ئوخشىغان.
**muhavere.** is. ar. بىر - بىرى بىلەن
سۆزلىشىش.
**muhavvel.** s. ar. ھاۋالە قىلىنغان،
ئەۋەتىلگەن.
**muhavvile.** is. ar. ترانسپورماتور
(ئېلېكتر كۈچىنى كۈچەيتىدىغان ياكى
پەسەيتىدىغان سايمان.)
**muhayyel.** s. ar. خىيالىدا بولغان، خىيال
قىلىنغان.
**muhayyem.** s. is. ① تىكىلگەن (چىدىر).
② چىدىر. ③ چىدىرغا ئورۇنلاشقان (ئادەم).
**muhayyemğâh.** is. ① چىدىرلاردىن بارـ

لىقىقا كەلگەن ئوردىگاھ. ② چېدىرلار تىكىلگەن مەيدان.

**muhayyer.** s. ar. ① ياقمىسا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئېلىنغان نەرسە. ② ئىختىيارىي تاللىۋالىدىغان. ③ شېكەر رەڭلىك قەغەز.

**muhayyib.** s. مەھرۇم قىلماق.

**muhayyil.** s. ar. خىيال قىلغان، ئويلىغان.

**muhayyile,muhayyele.** is. ar. ئىدراكىي كۈچ.

**muhayyir**[1]. s. is. ar. ھەيران قالدۇرىدىغان، چۆچۈتكەن.

**muhayyir**[2]. s. ar. ① تاللاپ ئېلىنغان. ② ئىختىيارىي بېرىلگەن.

**muhazara.** is. ar. ① مۇنازىرە، پىكىر تالاش - تارتىشى. ② بىر - بىرىگە ھېكايە ۋە لەتىپە ئاڭلىتىش. ③ ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەن ھەققىدە خاتىرىدە قالغان بىلىملەر.

**muhazarat.** is. يۈزمۇ يۈز كەلمەك، تاقمۇتاق كەلمەك.

**muhazele.** is. ar. پەسلىك، رەزىللىك.

**muhazere.** is. بىر - بىرىنى قورقۇتماق.

**muhazi.** s. ar. ① بىر - بىرىنىڭ قارشىسىدا بولغان، بىر - بىرىنىڭ زىتىدا بولغان. ② پاراللېل.

**muhazzab.** s. ar. بويالغان، سىرلانغان، رەڭ بېرىلگەن.

**muhazzar.** s. ar. ① يېشىل رەڭ بىلەن بويالغان. ② تەبرىكلەنگەن، قۇتلانغان.

**muhazzir.** is. قورقۇپ داڭ قېتىپ قالماق.

**muhbir.** s. is. ① خەۋەر يەتكۈزگۈچى. ② گېزىتكە خەۋەر يەتكۈزۈپ بەرگۈچى، مۇخبىر. ③ يوقۇملۇق كېسەلدىن خەۋەر بەرگۈچى پەلگە.

**muhbirlik, – ği.** is. ar. مۇخبىرلىق.

**muhcil.** s. ar. خىجىل قىلىدىغان، ئىزا تارتتۇرىدىغان.

**muhdes.** s. ar. ① كېيىن پەيدا بولغان، ئالگىرى بولمىغان. ② يېڭى. ③ يېڭىلىق.

**muhdesat.** s. يېڭى نەرسىلەر.

**muhdis.** s. ar. كېيىن ۋە يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن.

**muhibban.** is. دوستلار، ئاشىقلار.

**muhif.** s. ar. قورقۇنچلۇق، قورقۇنچ.

**muhik.** s. ar. توغرۇلۇق.

**muhil**[1]. s. ar. ھاۋالە قىلغۇچى.

**muhil**[2], – li. s. بۇزغۇچى.

**muhip, – bbi** s. ar. ① ياخشى كۆرگەن، مۇھەببەت كۆرسەتكەن. ② تەرەپدارلىق قىلغۇچى. ③ ئەر ئىسمى (مۇھىب).

**muhis.** ar. ھېس قىلدۇرغۇچى.

**muhiş.** s. ar. قورقۇتقۇچى، ئۈركۈتكۈچى.

**muhit, – ti.** s. ① ئەتراپ، ئۆپچۆرە. ② قورشالغان، چىتلانغان. ③ is. ئوكيان. ④ مۇھىت.

**muhkem.** s. ar. ① مەھكەم، چىڭ. ② ساق، بۇزۇلمىغان، بېجىرىم. ③ ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان.

**muhkim.** s. ar. كۈچلەندۈرۈلگەن.

**muhlis.** s. ar. ① خالىس، پاك. ② دوستلۇقتا سەمىمىي. ③ ئەر ئىسمى (مۇخلىس).

**muhlisane.** z. سەمىمىيەتلىك بىلەن، چىن كۆڭۈلدىن.

**muhnik, – ki.** s. ar. بوغقۇچى.

**muhrec.** s. ar. ① چىقىرىلغان. ② ماتېماتىكىدا نەتىجە.

**muhrez.** s. ar. ھەممە كىشى قوللىنا-

لايدىغان.

**muhrik, – ki.** s. ar. ① كۆيدۈرگۈچى، ياققۇچى. ② كۆيۈك، يېنىق.

**muhrip, – bi.** is. ar. خاراب قىلغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى.

**muhriz.** s. ar. ئېگىلىگەن، قولغا كەلتۈرگەن.

**muhsin.** s. ar. ① ياخشىلىق قىلغۇچى. ② ئەر ئىسمى (مۇھسىن).

**muhtacin.** is. ① مۇھتاجلار، ئېھتىياجلىقلار. ② يوقسۇللار، كەمبەغەللەر.

**muhtaç.** s. ar. مۇھتاج.

**muhtal[1].** s. ar. هاكاۋۇر، تەكەببۇر.

**muhtal[2].** s. ar. ① هىيلىگەر، ئالدامچى. ② ئىشەنگىلى بولمايدىغان.

**muhtar.** s. ar. ① مۇختار، ئاپتونوم. ② يېزا ۋە مەھەللە باشلىقى:

«Çinde beş muhtar bolgesi var — جۇڭگودا بەش ئاپتونوم رايون بار.»

**muhtariyet, – ti.** is. ar. مۇختارىيەت، ئاپتونومىيە.

**muhtarlık, – ğı.** is. ar. ① يېزا ۋە مەھەللە باشلىقلىقى، يېزا ۋە مەھەللە ھۆكۈمىتى. ② يېزا ۋە مەھەللە باشلىقى رەھبەرلىكىدىكى يېزا ۋە مەھەللە.

**muhtas.** s. ar. بىر نەرسىگە خاس، بىرىگە خاس.

**muhtasar.** s. ar. ①قىسقا، يىغىنچاقلانغان، خۇلاسىلەنگەن. ②ئاز چىقىم بىلەن ئىشلەنگەن.

**muhtasaran.** z. قىسقىچە.

**muhtasıd.** s. ar. ئورمىچى، ھوسۇل توپلىغۇچى.

**muhtasım.** s. ar. دۈشمەنلىك قىلغۇچى.

**muhtatıb[1].** s. ar. ①سۆز سۆزلىگۈچى، ۋەز ئېيتقۇچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى، خۇتبە ئوقۇغۇچى. ②قىز سورىتقۇچى.

**muhtatıb[2].** s. ar. ①ئوتۇن كەسكۈچى، ئوتۇنچى. ② بىر يېزىنىڭ ئوتۇن ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ئورمانلىق.

**muhtatif.** s. ar. ①كۆزنى قاماشتۇرىدىغان. ②ئېلىپ قاچقۇچى.

**muhtazı.** s. ar. كىچىك پېئىل.

**muhtazıane.** z. ar. كىچىك پېئىللىق بىلەن.

**muhtazir, muhtazar.** s. ar. جان تالاشقان.

**muhtebis.** s. ar. ① بىر يەرگە سولىنىپ قالغان. ② سولانغان، ئېتىلگەن. ③ باشقىسىنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالغان. ④ جازا مۇددىتىنى ئۆزارتىش بۇيرۇقى.

**muhtebes.** s. ar. قاماققا ئېلىنغان، سولانغان، تۈرمىگە تاشلانغان.

**muhtebir.** s. ar. ①تەجرىبە قىلىنغان، سىنالغان. ②بىلگۈچى، خەۋەردار بولغۇچى.

**muhtecib.** s. ar. يېپىلغان، ئورالغان، ئوراقلىق، يېپىقلىق.

**muhted.** s. ar. ①كەسكىن، كەسكىنلەشكەن. ②غەزەپلەنگەن، ئاچچىقلانغان.

**muhtedi.** s. ar. هىيلىگەر.

**muhtefi.** s. ar. يوشۇرۇنغان.

**muhtekir.** s. is. ar. بىسىمدارلىق قىلىپ مېلىنى قىممەت ساتقۇچى.

**muhtel.** s. ar. ①بۇزۇق. ②مۇرەككەپ، قالايمىقان.

**muhtel.** s. ar. ئېرىدىن ئاجراشقان خوتۇن.

**muhtelic.** s. ar. ئىختىيارسىز تىترەش، تىترەك.

**muhtelif.** s. ar. ①تۈرلۈك، ھەرخىل،

ھەر قايسى. ② خىلاپ، زىت، قارىمۇ قارشى:

«Çinin muhtelif bölgeleri — جۇڭگونىڭ ھەرقايسى رايونلىرى.»

**muhtelik.** s. ar. يالغان سۆزلىگۈچى، بوھتان چاپلىغۇچى.

**muhtemel.** s. ar. ئېھتىمال، مۇمكىن:

«Bugün yağmuryağması muhtemel— بۈگۈن يامغۇر يېغىش ئېھتىمالى بار.»

**muhtemi.** s. ar. پەرھىز قىلغۇچى، مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى يېمىگۈچى.

**muhtera.** s. ar. ئىجاد قىلىنغان، تېپىلغان.

**muhterik.** is. ar. كۆيۈپ كەتكەن، كۆيۈك (نان).

**muhteraat.** is. ar. ①يېڭىدىن تېپىلغان نەرسىلەر. ②يالغان سۆزلەر، ئويدۇرما سۆزلەر.

**muhterem.** s.is.ar. ①ھۆرمەتكە لايىق. ②ئەر ۋە ئايال ئىسمى.

**muhteri.** s. ar. ①ئىجاد قىلغۇچى، ئىجادكار. ②يالغان سۆزلەپ بوھتان چاپلىغۇچى.

**muhterib.** s. ar. ئۇرۇشقۇچى، سوقۇشقۇچى.

**muhterif.** is. ar. ھۈنەرۋەن، كەسىپ ئەھلى، كەسىپ.

**muhteris.** s. ar. ①ئارتۇقچە ھەۋەس. ②ئېھتىيات قىلغان.

**muhteriz.** s. ar. ئېھتىياتچان.

**muhteşem.** s. ar. ①تەنتەنىلىك. ② ئەر ئىسمى (مۇھتەشەم):

«Muhteşem şölen — تەنتەنىلىك زىياپەت.»

**muhteşid.** s. توپلانغان، توپلاقلىق.

**muhtetin.** s. ar. سۈننەت (خەتنە) قىلىنغان.

**muhteva.** is. ar. مەزمۇن:

«Bu raporun muhtevası iyidir — بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنى ياخشى.»

**muhtevi.** s. ar. ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**muhtezen.** s. ar. ①ئامبارغا قويۇلغان. ②يوشۇرۇلغان.

**muhtezir.** s. ar. ئېھتىيات قىلىنغان.

**muhtir.** s. ar. خاتىرىلەتكەن، ئەسكە كەلتۈرگەن.

**muhtira.** s. ar. ①مېمورandum. ② خاتىرە دەپتەر.

**muhti.** s. ar. ①يېڭىلىشكەن، خاتالاشقان، ئازغان، گۇناھكار. ②خاتالاشتۇرىدىغان، ئازدۇرىدىغان.

**muhyi.** s. ar. ھايات بەرگەن، جانلاندۇرغان.

**muid.** s. ar. ھازىرلانغان، تەييارلانغان.

**muin.** s. ar. ① ياردەمچى. ②شاگىرت. ③ئەرەنچە ئات (مۇئىن).

**muinli.** s. ar. ئەسكەرلىككە كىرگەندە ئائىلىسىگە قارايدىغىنى بولمىغان.

**muinsiz.** s.ar. ئەسكەرلىككە كىرگەندە ئائىلىسىگە قارايدىغىنى بولمىغان.

**muir.** s. ar. ئۆتنە بەرگۈچى.

**muit,–di.** is. ar. ياردەمچى ئوقۇتقۇچى.

**mûje.** is. far. قايغۇ، غەم، ئەندىشە.

**muk[1].** is. ar. كۆز يېشىنىڭ مەنبەسى.

**muk[2].** is. far. تىكەن.

**mukaariyet.** is. چوڭقۇرلۇق.

**mukabele.** is. ar. ①روبرو كەلمەك. ②بەدەل بەرمەك. ③قارشى چىقماق، مۇش قايتۇرماق.

**mukabeleci.** s. is. ①جامەلەردە قۇرئان ئوقۇغۇچى. ②ئەسكەرلەرنىڭ يېقىلمىسىنى قىلغۇچى.

**mukabbeb.** s. ar. قۇببە شەكلىدە، قۇببە ئورنىتىلغان، قۇببىلىك.

**mukabbel.** s. ar. سۆيۈلگەن (باشقا بىراۋ تەرەپتىن).

**mukabbız.** s. ar. سىقىقۇچى، سىقىدىغان، تارايتقۇچى.

**mukabbil.** s. ar. ①بىر تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇچى. ② سۆيۈپ قويغان.

**mukabil.** s. ar. ①مۇقابىل. ② روبرو. ③بەدەل.

«Mukabil taaruza geçmek — قارشى ھۇجۇمغا ئۆتمەك.»

**mukaddem.** s.ar. ①ئاۋۋال، بۇرۇن. ② تەقدىم قىلىنغان، سۇنۇلغان. ③ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك.

**mukaddema.** z. بۇنىڭدىن بۇرۇن، قەدىمدىن.

**mukaddemaet.** is. ar. ئاۋۋالقىلار، بۇرۇنقىلار، ئالدىدا ئۆتكەنلەر، كونىلار.

**mukaddeme.** is. ar. ① بىر ئىشنىڭ باشلانغۇچى. ②كىرىش سۆز. ③ ئاساس. ④ئالدىدا يۈرگۈچى قوشۇن.

**mukadder.** s.ar. ①پېشانىگە پۈتۈلگەن، تەقدىر ئىلاھىي. ②قىممىتى بىلىنگەن. ③ is. ئايال ئىسمى.

**mukadderat,–tı.** is. ar. تەقدىر:

«Her millet mukadderatın bizzat-tayin etmelidir— ھەر مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك.»

**mukaddes.** s.ar. ①مۇقەددەس، قۇتلۇق. ② ئايال ئىسمى:

«Mukaddes toprağımıza kimse saldıramaz— مۇقەددەس يۇرتىمىزغا ھېچكىم تاجاۋۇز قىلالمايدۇ.»

**mukaddim.** s. ar. تەقدىم قىلغۇچى، سۇنغۇچى.

**mukaddir.** s. ar. ①تەقدىر قىلغان، تەڭرى. ②ياقتۇرغان، كۆڭلىگە ياققان.

**mukaffa.** s. ar. قاپىيىلىك.

**mukaffel.** s.ar. ①قۇلۇپلاقلىق، قۇلۇپلانغان. ②ھەم يېپىقلىق.

**mukalled.** s. ar. ①بويىنىغا مېدالىيون ئېسىلغان. ②تەقلىد قىلىنغان، ئۆرنەك قىلىنغان.

**mukallib.** s. ar. ئۆزگەرتكەن، باشقا بىر شەكىلگە كىرگۈزگەن.

**mukallit.** s.ar. ①تەقلىدچى، دورامچى. ② is. بىرىگە ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن تىرىشقۇچى.

**mukallitlik,–ği.** is. تەقلىدچىلىك، دورامچىلىق.

**mukamere.** s. ar. قىمار ئوينىماق.

**mukamir.** s. ar. قىمارۋاز.

**mukanfez.** s. ar. تېرىسى يۇمشاق تىكەن بىلەن قاپلانغان.

**mukannen.** s. ar. يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالغان، چۈمپەردىلىك.

**mukannin.** s. ar. قانۇن تۈزگۈچى.

**mukantar.** s. ar. ئەگمىلىك، كىمىرلىك. ②ئەگمە شەكىلدە، ئەگمىلىك كۆۋرۈك.

**mukantara.** is. قۇياش سائىتى.

**mukarabet.** is.ar. ①ئېرىشمەك. ② جىنسىي ئالاقىدە بولماق. ③ جانانىنىڭ ئىككى قېشىنىڭ بىرلىشىشى. ④ ئىككى گۈزەلنىڭ روبرو كېلىپ قېلىشى.

**mukarib.** s. is. بىر-بىرىگە يېقىن ئادەملەرنىڭ ھەربىرى.

**mukarin.** s.ar. ①يېقىنلاشقان، پۈتۈش-

كەن. ②ئۇيغۇن:
«Gerçeğe mukarin.— ھەقىقەتكە ئۇيغۇن.»

**mukarnas,mukarnes.** s.ar. ①پەلەمپەيلىك. ② قۇببە شەكىللىك. ③ رەڭگارەڭ. ④ بىرخىل بۆك.

**mukareb.** s.ar. ① يېقىن، يېقىنلاشقان. ② ئوردىغا ياكى پادىشاھقا يېقىن. ③ ئاللاغا ئەڭ يېقىن مالائىكە.

**mukarreban, mukarrebin, mukarrebun.** is. ar. ①يېقىن ئادەملەر. ②پادىشاھنىڭ شەخسىي ئىشىنى قىلغۇچىلار.

**mukarrer.** s. ar. ①قارارلاشتۇرۇلغان. ②كەسكىن. ③بىلدۈرۈلگەن.

**mukarrerat.** is. قارارلاشتۇرۇلغان نەرسىلەر، قوبۇل قىلىنغان قارار.

**mukarri.** s. ar. ئەيىبلىگۈچى.

**mukarrib.** s. ar. يېقىنلاشتۇرغۇچى، يېقىنلىشىشقا سەۋەب بولغۇچى.

**mukarrih.** s. ar. (يارىنى) ئېغىر ئالدۇرغۇچى (دورا).

**mukarrir.** s. is. ①قارارلاشتۇرغۇچى. ②بىر مەسىلىنى ئايرىم ئايرىم چۈشەندۈرمەك. ③ مەدرىستە مۇدەررىس ياردەمچىسى.

**mukarriz.** s. ar. تەقرىز ۋە تەقرىز يازغۇچىسى.

**mukasat.** s. ar. زەخمەت؛ جاپا.

**mukaseme.** s. ar. ①بۆلۈشۈش، تەقسىم قىلىشىش. ② ئىسلام دۆلەتلىرىدە يەر بېجىغا بېرىلگەن نام.

**mukassat.** s. ar. مۇددەت بىلەن بۆلۈپ تۆلىنىدىغان قەرز.

**mukassem.** s. ar. بۆلۈنگەن، تەقسىم قىلىنغان.

**mukassi.** s. ar. ①تار، يېپىق، تىنجىق. ②ئىچ پۇشۇرىدىغان.

**mukassir,mukassır.** s.is.ar. ①گۇناھلىق، ئەيىبلىك. ②بىر ئىشنى قىلالىسىمۇ قىلىشتىن باش تارتماق. ③ بىرئىشنى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن تاشلاپ قويماق.

**mukaşşer.** s. ar. پوستى سويۇلغان.

**mukatele.** is. ar. ①بىر-بىرىنى ئۆلتۈرمەك. ②بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشماق. ③ئۇرۇش، سوقۇش، جەڭ.

**mukatil.** s. ar. ①ئۇرۇشقۇچى. ② ئۆلتۈرگۈچى.

**mukatta.** s. ar. پارچىلانغان.

**mukattaat.** is. ①پارچىلانغان، كېسىلگەن. ②ھەربىرى بىر مەنە بېرىدىغان ھەرپلەر. ③تولۇقسىز، كەم - كۈستا جۈملىلەر. ④قىسقارتما. ⑤ قىتئە شەكلىدىكى شېئىرىي پارچىلار.

**mukavele.** is.ar. توختام، كېلىشىم، پۈتۈم.

~ **yapmak.** توختام تۈزمەك.

**mukavele.name.** is. ar. توختامنامە، شەرتنامە، ئەھدىنامە.

**mukavemet,–ti.** is.ar. ①قارشىلىق:
«Milli eziyete mukavamet gösterilmeli— مىللىي زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىلىشى لازىم.»

**mukavemetçi.** is. ①دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلغۇچى. ② ئۇزۇنغا يېتەلىگۈچى، شاتىرى.

**mukavemetli.** s. بەرداشلىق بەرگۈچى، كۈچلۈك.

**mukavemetsiz.** s. چىدىماس، بەرداشلىق بېرەلمىگۈچى، كۈچسىز.

**mukavemetsizlik,–ği.** is. كۈچسىزلىك. بەرداشلىق بېرەلمەسلىك.

**mukavim.** s.ar. ①كۈچلۈك، چىدامىلىق، جەسۇر. ② قارشىلىق كۆرسەتكۈچى. ③ بەرداشلىق بەرگەن.

**mukavva.** is. ar. مۇقاۋا، كاردون قەغەز.

**mukavves.** s. ar. ئەگمەچ، يايسىمان ئوخشاش، ئەگمىلىك.

**mukavvi.** s. ar. ①قۇۋۋەت بەرگۈچى. ②قۇۋۋەت دورىسى.

**mukayasa.** s. ar. ئالماشتۇرۇش، تېگىشىش.

**mukayese.** is. ar. سېلىشتۇرۇش: «Şimdiki hayatimiz kurtuluştan öncekisiyle mukayese edilemez— ھازىرقى تۇرمۇشىمىزنى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشىمىز بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.»

**mukayyet.** s.ar. ①مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار. ②بىر شەرتكە مۇناسىۋەتلىك. ③ئەھمىيەت بەرگەن. ④ قەيت قىلىنغان. ⑤زەنجىرگە باغلانغان. ⑥ مۇھاپىزەت قىلغۇچى، قوغدىغۇچى.

**mukayyi.** s. ar. قۇستۇرىدىغان، قۇستۇرغۇچى.

**mukayyiat.** is. قۇستۇرىدىغان دورىلار.

**mukayyit,-ti.** is. ar. ①خاتىرىلىگۈچى، خاتىرە يازغۇچى (ئادەم). ②(تېلىگراما ئىشلىرىدا) خاتىرىلەۋېلىش ماشىنىسى.

**mukbil.** s. is. ①بەختىيار، ھالى ياخشى. ②ئەر ئىسمى (مۇقبول).

**mukdim.** s. ar. ئۆز ئىشىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان، بېرىلىپ ئىشلەيدىغان.

**mukıd.** s. ar. ئوت قالىغۇچى.

**muksit.** s. ar. ئادىل ۋە ئىنساپلىق.

**mukır.** s.ar. ئىقرار قىلغۇچى، ئېتىراپ قىلغۇچى.

**mukız.** s. ar. ①ئويغاق، بىدار. ② غەپلەتتىن قۇتقۇزغۇچى.

**mukim.** s. ar. مۇقىم، ئولتۇراقلىق، تۇرۇشلۇق.

**mukle.** s.ar. ①كۆز قارىچۇقى. ② كۆزنىڭ قارا ۋە ئاق قىسمى.

**mukmir.** s. ar. ئايدىڭ، ئاي نۇرى.

**mukni.** s. ar. قايىل قىلىدىغان، ئىشەندۈرىدىغان.

**mukri.** s. ar. ①قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتمەك. ② قۇرئان ئوقۇغۇچى.

**mukriz.** s. ar. ①قەرزگە پۇل بەرگۈچى. ② قەرز.

**muktasir.** s. ar. سۆزنى قىسقا سۆزلىمەك، سۆزنى ئۇزارتماسلىق.

**muktataf.** s.ar. ①توپلانغان، توپلاقلىق، يىغىلغان. ②ئانتولوگىيە.

**muktebes.** s. ar. پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېلىنغان.

**muktebis.** s. ar. بىر كىشىنىڭ بىلىمى ياكى ئەسىرىدىن پايدىلانماق.

**mukteda.** s. ar. ئۈلگە قىلىنىدىغان.

**muktedi.** s. ar. ①ئۇيغۇنلاشقان. ② بويۇن ئېگىدىغان.

**muktedir.** s. ar. ①ئىقتىدارلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان. ② قۇدرەتلىك، كۈچلۈك.

**muktefa.** s. ar. ئۈلگە قىلىنىدىغان.

**mukterib.** s. ar. يېقىنلاشقان، بىر نەرسىنىڭ يېنىغا كەلگەن.

**muktiriz.** s. ar. قەرز (پۇل) ئېلىش.

**muktesit.** s.ar. ئىقتىسادچىل، ئورۇن-

سىز يەرگە پۇل خەجلىمەسلىك.

**mukteza.** s. ar. ①كېرەك بولىدىغان، لازىملىق (نەرسە).

**mukteziyat.** is. ar. ①كېرەكلىك نەرسىلەر. ②نەتىجىلەر.

**mulem.** s. ar. بەلگە قويۇلغان.

**muleta.** s. arp. كالا بىلەن سوقۇشقۇچىلارنىڭ كالىنى ھودۇقتۇرۇش ۋە ھاردۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىزىل رەخت.

**mulin.** s. ar. جارچى، ئېلانچى، بىلدۈرگۈچى.

**mum.** is. far. ①شام. ②تۆكىنىڭ يورۇقلۇق بېرىش ئۆلچىمى. ③s. رازى: «O,bu işe çoktan mum — ئۇ بۇ ئىشقا كۆپتىن بېرى رازى.»

**mumcu.** is. شام ياساپ ساتقۇچى.

**mum.hane.** is. شام ياسايدىغان ئىشخانا.

**mûmiyan.** s. ar. بېلى ئىنچىكە، زىبا بويلۇق.

**mumlamak.** ① مۇم سۈرمەك. ② پېچەتلىمەك. ③ چۇۋۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن رەختنىڭ كانارلىرىغا مۇم سۈرمەك.

**mumlaşmak.** مۇمدەك بولۇپ كەتمەك.

**mumlu.** s. مۇم بىلەن ياسالغان، تەركىبىدە مۇم بولغان.

**mumluk.** s. شامدان.

**mumsu.** s. مۇمسىمان، مۇمغا ئوخشىغان.

**mumya.** is. far. ① مۇمىيا (سېسىماسلىق ئۈچۈن دورىلىنىپ كۆمۈلگەن جەسەت). ② بەك ئاجىز ۋە سارغىيىپ كەتكەن (ئادەم). ③ پۈتۈن كېسەللەرنى ساقايتىدىغان دورا.

**mumyalamak.** جەسەتنىڭ چىرىمەسلىكى ئۈچۈن دورىلار بىلەن قاتۇرماق.

**mumyalaşmak.** مۇمىيا ھالىغا كەلمەك.

**mumza.** s. ar. ئىمزالانغان، ئىمزا قويۇلغان.

**munafık.** s. ar. بۇزغۇنچى، بۆلگۈنچى.

**munafıklık, – ği.** is. ar. بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق.

**munazzaf.** s. .ar پاكىزلانغان، تازىلانغان.

**munazzım.** s. ar. تەرتىپكە سالغۇچى، رەتكە سالغۇچى.

**munfasıl.** s. ar. ① ئايرىلغان. ② ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان.

**munfasım** s. ئېزىلگەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغان.

**munfatır.** s. ar. يېرىق، يېرىلغان.

**mûnis.** s. ar. ① كۆنگەن، يات بولمىغان، ئادەتلەنگەن. ② يېقىملىق، سۆيۈملۈك. ③ ئۆيگە ئۆگىتىلگەن (ھايۋان). ④ ئەر ئىسمى.

**munkabız.** s. ar. ① بۇزۇق، بۇزۇلغان. ② قەۋزىيەت بولغان، ئىچى قېتىپ قالغان، ئىچى كەلمەسلىك.

**munkalib.** s. ar. ئۆزگەرگەن، ئۆزگىرىش ياسىغان.

**munkarız.** s. → **Münkarız.**

**munkatı.** s. ar. ① توختالغان. ② تۈگىگەن. ③ مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. ④ داۋاملاشمىغان.

**munsabig.** s. ar. بويالغان.

**munsarif.** s. ar. كەينىگە كەتكەن، چېكىنگەن، كەينىگە ئۆرۈلگەن.

**munsap.** s. ar. ① دەرياغا ياكى دېڭىزغا قۇيۇلۇشى (سۇنىڭ). ② ئېرىشمەك،

ئۇلاشماق.

**munsif.** s. ar. ئىنساپلىق.

**muntabrı.** s. is. ① بېسىلغان، نەشىر قىلىنغان. ② پېچەتلىك، پېچەتلەنگەن (قەغەز). ③ گۈزەل، چىرايلىق، يېقىملىق. ④ ئۇنتۇلماس، خاتىرىسى كۈچلۈك.

**muntabıh.** s. ar. پىشقان، پىششىق.

**muntabık.** s. ar. ئۇيغۇنلاشقان، بىر - بىرىگە ماسلاشقان.

**muntalik.** s. ar. ① ئاجىراشقان (ئەردىن). ② تەرك قىلغان، تاشلىۋەتكەن. ③ تاشلىۋېتىلگەن. ④ غەم - قايغۇسىز.

**muntasıf.** s. ar. ئۆچكەن، ئۆچۈرۈلگەن.

**muntasıh.** s. ar. گەپ ئاڭلايدىغان، قۇلىقى يۇمشاق، نەسىھەتنى ئالىدىغان.

**muntasıhane.** is. گەپ ئاڭلىغان هالدا، نەسىھەتنى قوبۇل قىلغان هالدا.

**muntazam** s. ar. مۇنتىزىم، تەرتىپلىك.

**muntazar.** s. ar. ئىنتىزار، تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك.

**muntazır.** s. ar. ساقلىغۇچى، ئىنتىزار بولغۇچى.

**munzacır.** s. ئىچى سىقىلغان، يۈرىكى سىقىلغان.

**munzalim.** s. ar. زۇلۇمغا باش ئەگكۈچى.

**munzam.** s. ar. ئىلاۋە قىلىنغان، قوشۇلغان.

**munzıc.** s. ar. ① پىشىپ يېتىلگەنلىك بولۇپ كەتكەن (تاماق). ② پىشىپ يېتىلگەن. ③ ئوڭاي هەزىم بولىدىغان، سىڭىشلىك. ④ يىرىڭ ئالدۇرىدىغان.

**mur.** is. far. ① چۈمۈلە. ② كەمبەغەل ۋە ئاجىزلىقنىڭ سىمۋولى. ③ دات.

**murabaha.** is. ar. جازانىخورلۇق.

**murabahacı.** is. ar. جازانىخور.

**murabayat.** is. قايىنتىلغان مېۋە سۈيى.

**murabba**[1]. s. is. ar. تۆتلىك:
«O, murabba yazmayı seviyor — ئۇ تۆتلىك شېئىر يېزىشنى خالايدۇ»

**murabba**[2]. s. ar. ① مۇراببا. ② تەربىيە كۆرگەن، تەربىيىلەنگەن:
«Üzüm murabbâsi — ئۈزۈم مۇراببىسى»

**murabbanişin.** s. ① باداشتان (چازا) قۇرغۇچى.

**murabıt.** is. ar. ① ئىبادەت بىلەن بەند بولغۇچى. ② دەرۋىش.

**murafakat, – tı.** is. ar. ① يولداشلىق (ئاغىنىدارلىق) قىلغۇچى. ② بىرگە بولغۇچى، هەمرا.

**murafık.** is. ar. ① يولداشلىق، ئاغىنىدارلىق. ② هەمراه.

**murakabe.** is. ar. ① تىزگىنلەش. ② نازارەت.

**murakasa.** is. ar. ئۇسسۇل، تانسا.

**murakıp, – bı.** is. ar. ① تىزگىنلىگۈچى. ② نازارەت قىلغۇچى.

**murakıplık, – ğı.** is. تىزگىنلەش.

**murakka.** s. ar. ① ياماقلىق، ياماق سېلىنغان. ② خەتتاتلار ئىجادىيىتىنىڭ توپلىمى. ③ ياماقلىق، كونا پاختىلىق چاپان. ④ ژۇرنال. ⑤ دەرۋىشلەرنىڭ جەندىسى.

**muran.** is. چۈمۈلىلەر.

**murana.** is. lât. يىلانبېلىققا ئوخشايدىغان، گۆشى لەززەتلىك بىر خىل بېلىق.

**murane.** z. ① چىمىلدەك. ② كىچىك قىۋۋەتسىز.

**murassa, — i.** s. ar. ① قىممەت باھا تاشلار بىلەن (جاۋاھىرلار) بېزەلگەن. ② بىر خىل يېزىش ئۇسۇلى.

**murassas.** s. ar. قوغۇشۇن ياكى قەلەي بىلەن قاپلانغان ياكى كەپشەرلەنگەن.

**murat.** is. ar. ① ئارزۇ. ② مەقسەت، غايە. ③ ئەر ئىسمى.

**murçe.** is. far. ① ئۇششاق چۈمۈلە. ② دات. ③ رەزىل، پەسكەش، قەدىرسىز ئادەم.

**murdar, mundar.** s. far. ① پاسكىنا، يىرگىنچىلىك. ② جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنمىغان، جۇنۇپ. ③ دىنىي قائىدىگە ئاساسەن بوغۇزلانمىغان (ھايۋان).

**murdarlık, mundarlık, — ğı.** is. پاسكىنىلىق.

**murdia, murzia.** is. ar. ① ئەمچەكتە بالىسى بار ئايال. ② سۈت ئانىسى.

**muris.** s. ar. ① مىراس قالدۇرغۇچى. ② ئىگە قىلغۇچى، بەرگۈچى. ③ ۋەسىيەتنامە ئىگىسى.

**murtabit, — ti.** is. ar. ① باغلاقلىق. ② مۇناسىۋەتلىك.

**murtat.** s. ar. → **Mürtet.**

**musa.** s. ar. ① ۋەسىيەت قىلىنغان. ② ۋەسىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەسئۇل بولغۇچى. ③ تەۋسىيە قىلىنغان، يۇقىرى.

**musaadi.** s. ar. بۈيۈك، ئۇلۇغ، بەك يۇقىرى.

**musabbag.** s. ar. بويالغان، بويالغان.

**musabin.** is. ① مۇسىبەت، بالا-قازا ۋە پالاكەتكە ئۇچرىغانلار. ② كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار.

**musaddak, — kı.** s. ar. ① قىلىنغان، ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن. ② تەستىق.

**musaddi.** s. ar. ① باش ئاغرىتقۇچى (ئادەم). ② كىشىنىڭ كەيپىنى بۇزىدىغان (ئادەم).

**musaf.** s. ar. → **Mushaf.**

**musafaa, musafaat.** is. ar. ① بىراۋنىڭ باشقا بىرىنى قۇچاقلىشى. ② قۇچاقلىشىش. ③ بىرىنى ئۇرۇش. ④ كۆزنىڭ ئۆتكۈرلۈكى.

**musafaha.** is. ar. ئىككى ئادەمنىڭ بىر-بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملىشىشى.

**musafat.** is. ar. سەممىي دوستلۇق، سەممىيلىك.

**musaffa.** s. ar. پاكىزلەنگەن، ساپ، پاك.

**musafef.** s. ar. رەت-رەت تىزىلغان، رەتلەنگەن.

**musaffi.** s. ar. تازىلىغۇچى، پاكىزلىغۇچى.

**musaffir.** s. ar. ① سېرىق رەڭ بىلەن بويالغان، سارغايتىلغان. ② ئىسقىرتماق.

**musaggar.** s. ar. كىچىكلىتىلگەن، ئۇششاقلانغان.

**musahare.** is. ar. ئويلىنىش بىلەن ھاسىل بولغان تۇغقانلىق.

**musahaba, musahabet.** is. ar. سۆھبەت، سۆزلىشىش.

**musahhaf.** s. ar. ئىملاسى خاتا.

**musahhah.** s. ar. خاتاسىز، خاتالىرى تۈزىتىلگەن.

**musahhihlik, — ği.** is. كوررېكتور-

لۇق ئىشى.

**musahip, – bi.** is. ar. ① مۇساھىپ (ئىلگىرى بۇيۇكلەرنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان ۋە سۆزمەن ئادەملەرگە بېرىلگەن نام). ② سۆھبەتلىشىدىغان، ئاشنىلىق قىلغۇچى.

**musakka.** is. s. ar. كۆكتات قىيمىسى.

**musal.** s. ar. ① يەتكۈزۈپ قويۇلغان. ② باغلانغان.

**musaleh.** is. ar. ۋەسىيەت قىلىنغان.

**musalih.** s. ar. ① تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە. ② ئەپلىشىپ قالغان.

**musalla.** is. ar. ① ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان ئوچۇقچىلىق. ② جامەلەردە جىنازا نامىزى ئوقۇلىدىغان يەر.

**musalleb.** s. ar. ① قاتۇرۇلغان. ② قۇرۇتۇلغان.

**musalli.** s. ar. بەش ۋاق نامازنى قازا قىلماي ئوقۇيدىغان.

**musammem.** s. ar. ① قەتئىي قارارلاشتۇرۇلغان. ② هازىرلانغان، تەييارلانغان.

**musammet.** s. is. ar. تولۇق، ئىچى بوش بولمىغان، بوش يېرى قالمىغان (نەرسە).

**musandıra.** is. yun. ① ئويۇق، لىمتاقلىق. ② تام ئىشكابى. ③ ئاشخانىدىكى قاچا - قومۇچ ئىشكاپى.

**musanna, – ı.** s. ar. ① ئويدۇرما. ② خىيالىي. ③ نەپىس ئىشلەنگەن. ④ زىننەتلەنگەن، پەردازلانغان.

**musannef.** s. ar. يېزىپ چىقىلغان، تەسنىپ قىلىنغان (كىتاب، ئەسەر).

**musannefat.** is. ar. يېزىلغان، تەسنىپ قىلىنغان (ئەسەرلەر).

**musannif.** s. is. ar. ① تەسنىپ قىلغۇچى، يازغۇچى. ② تۈرلەرگە ئايرىغۇچى.

③ كارتا (كاپىيەن) ئىشكاپى.

**musap.** s. ar. ① مۇسىبەتكە ئۇچرىغان، بېشىغا بالا - قازا، پالاكەت كەلگەن. ② كېسەلگە دۇچار بولغان.

**musaraa.** is. ar. ① چېلىشچىلىق، پالۋانلىق. ② كۈرەش، جاپا.

**musaraha.** s. ar. ① ئوچۇق سۆزلىمەك. ② ئوچۇقلۇق، ئاشكارىلىق.

**musari.** is. s. ar. چېلىشچى، پالۋان.

**musarra.** is. s. ar. ئىككى مىسراسى قاپىيەلىك شېئىر.

**musavele.** is. ar. ① ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئېتىلماق. ② مۇشتلاشماق، ئۇرۇشماق.

**musavver.** s. ar. ① رەسىملىك، رەسىم قويۇلغان. ② زېھىندە چۈشەنگەن.

**musavvir.** is. s. ar. ① رەسسام. ② ئىدراكى كۈچ. ③ نەرسىلەرگە شەكىل بەرگۈچى.

**musavviran, musavvirin.** is. رەسساملار.

**musavvire.** is. s. خىيال.

**musavvit.** s. ar. ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغان، ۋارقىرىغان، ئاۋاز چىقىرىش - ئاۋازلىق.

**musayaha.** is. ar. ۋارقىرىشىش.

**musaykal.** s. ar. جۇلالىق، پارقىراق، پارقىراقلىق.

**musevi.** s. is. ar. مۇساۋىيلەر، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار.

**musevilik, – ği.** is. ① مۇساۋىي دىنى. ② مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشكەن كىتاب — تەۋرات.

**mushaf.** is. ar. ① قۇرئان. ② كىتاب.

③ ئىنسان ياكى ئىنساننىڭ يۈزى.

**musır, musir.** s. ar. سۆز ياكى پىكىردە قاتتىق تۇرغان.

**musibet, – ti.** is. ar. ① مۇسىبەت. ② تۇيۇقسىز كەلگەن پالاكەت. ③ تەلەيسىز.

**musibetli.** s. تەلەيسىز، بەختسىز.

**musikar.** is. far. ① تۇمشۇقىدا خىلمۇخىل تۆشۈك بولۇپ شامال چىققاندا تۈرلۈك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر ئەپسانىۋى قۇش. ② كۆپ ئاۋازلىق ساز.

**musiki.** is. ar. مۇزىكا، ساز
«Uygur musiki çok güzeldir — ئۇيغۇر مۇزىكىسى ناھايىتى ياخشى.»

**musikici.** is. مۇزىكىچى، سازچى.

**musikicilik, – ği.** is. مۇزىكىچىلىك، سازچىلىق.

**musikişinas.** is. far. مۇزىكىشۇناس، مۇزىكىچى.

**musil.** s. ar. ① يەتكۈزىدىغان، ئېلىپ بارىدىغان. ② توشۇغۇچى.

**musile.** is. ar. مۇدەررىسلىكتە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇنۋان.

**musip, musib.** s. ar. ① توغرا، دۇرۇس. ② يېڭىلمەيدىغان، ھېلىقمايدىغان.

**musir[1] – rri.** s. ar. ① قاتتىق تۇرىدىغان. ② جاھىل.

**musir[2].** s. ar. مول، بەرىكەتلىك.

**muska.** is. ar. ① تۇمار. ② تۇمارغا ئوخشاش قاتلاقلىق (تۈرۈكلۈك).

**muskacı.** is. تۇمار يازغۇچى.

**muskarari.** s. تۇمارغا ئوخشاش بويۇنغا ئېسىۋالىدىغان.

**muskıt.** s. ar. ① چۈشۈپ كېتىشكە (بالىنىڭ) سەۋەب بولغان. ② قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرىدىغان دورا.

**muskıtat.** is. بالا چۈشۈرىدىغان نەرسىلەر.

**muslih.** s. ar. ① تۈزەتكەن، ئىسلاھ قىلغان. ② تىنچلىق كەلتۈرگەن، سۈلھ قىلغان.

**musluk, – ğu.** is. ar. ① (تۇرۇبىنىڭ) جۈمەك. ② قول يۈيىدىغان يەر. ③ ئەرلەرنىڭ تاناسىل ئەزاسى.

**muslukçu.** is. تاھارەت ئېلىۋاتقان ياكى يۈز يۇيۇۋاتقانلارنىڭ يانچۇقىدىن نەرسە كېرىكىنى ئوغرىلىۋالغۇچى.

**muson.** is. fr. ھىندى ئوكياندا ئالتە ئاي بىر يانغا، ئالتە ئاي يەنە بىر يانغا قاراپ چىقىدىغان شامال.

**mustabır.** s. ar. سەۋرلىك، سەۋر قىلغۇچى.

**mustar[1].** s. ar. مەجبۇرىي.

**mustar[2].** is. ar. بىر خىل كۈچلۈك شاراب.

**mustarip.** s. ar. ① دەردمەن. ② كەيپسىز، بىتاب.

**mustatil.** s. is. ar. ① ئۇزارغان. ② تىك تۆت بۇرجەك.

**mustatilli.** s. ar. تىك تۆت بۇرجەك شەكلىدە.

**mustazil.** s. ar. ① سايىدا ئولتۇرغان، سايىدىغان. ② ھىمايە قىلىنغان.

**muş[1].** is. fr. كىچىك ساياھەت كېمىسى.

**muş[2].** is. far. چاشقان.

**muşamba.** is. ar. ① سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان، بىر تەرىپىگە كاۋچۇك ياكى ياغ سۈرتۈلگەن. ② مۇشۇ خىل رەختتىن

تىكىلگەن يامغۇرلۇق. ③ ئۆي ۋە باشقا يەرلەردە يەرگە سېلىنىدىغان رەڭدار قېلىن رەخت.

**muşek.** is. zool. چاشقان.

**muşer.** is. ar. بىر خىل ئەگرى ھەرە.

**muşkâf.** s. ar. ① قىلنى قىرىقىقا يارىدىغان، مەسىلىگە ئىنچىكە قارايدىغان. ② چوڭقۇر چۈشىنىدىغان. ③ ھوشيار. ④ تەتقىقچى.

**muşt**[1]. is. far. ① مۇش. ② ئىرچ، ئوچۇم.

**muşt**[2]. is. تاغاق.

**muşta.** is. far. ① تۆمۈر مۇشت. ② تۆمۈر توقماق. ③ قىلىچ، پىچاقلارنىڭ دەستىسى. ④ موزدۇزلارنىڭ كوۋىسى.

**muştalamak.** تۆمۈر مۇشت بىلەن ئۇرماق.

**muşti**[1]. s. ar. تاغاق شەكلىدە، تاغاقسىمان.

**muşti**[2]. is. ئوچۇم (مىقدار).

**muştu.** is. far. خۇش خەۋەر.

**muştucu.** is. خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

**muştulamak.** is. خۇش خەۋەر يەتكۈزمەك.

**muştuluk.** is. سۆيۈنچە.

**mut, – tu.** is. ① بەخت، سائادەت. ② خۇرسەنلىك.

**muta**[1]. is. ar. ① ئاتا، بەخش، بېرىش. ② ئېرىدىن ئاجراشقان ئايالغا ئەر تەرەپتىن بېرىلگەن كىيىم ـ كېچەك.

**muta**[2]. s. ar. گەپ ئاڭلايدىغان، ئىتائەتچان.

**mutaassıp, – bı.** s. is. مۇتەئەسسىپ، كونىلىقنى ساقلىغۇچى.

**mutaattir.** s. ar. ① خۇش پۇراق نەرسىلەرنى سۈرگۈچى. ② خۇش پۇراق.

**mutaazzım.** s. ar. كىبىرلىك، غۇرۇرلۇق.

**mutabakat, – tı.** is. ar. ① ئۇيغۇنلۇق. ② ماسلىشىش، قوشۇلۇش:

«Ben bu görüşe mutabakat oldum— مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلدۇم.»

**mutabık, – kı.** s. ar. ① قوشۇلغان (پىكىر بىرلىكى). ② رازى بولغان. ③ ئۇيغۇن، مۇۋاپىق:

«Bu görüşle mutabık kaldım — بۇ كۆز قاراشقا رازى بولدۇم.»

**mutadi.** s. ar. ئادەتلەنگەن، كۆنگەن.

**mutaf**[1]. is. far. ① جۇل (يوپۇق) ۋە توغرا قاتارلىقلارنى توقۇغۇچى. ② جۇل ۋە توغرا قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتقۇچى.

**mutaf**[2]. is. far. تاۋاپ قىلىنىدىغان، ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان.

**mutaher.** s. ar. تازىلانغان، پاكىزلەنگەن.

**mutahhar.** s. ar. ① پاكىزلانغان، تازىلانغان. ② پاك، مۇقەددەس، مۇبارەك.

**mutahhariyet, – ti.** is. ar. پاكىزلىق، تازىلىق، پاكلىق.

**mutak.** s. ar. ئەركىنلىكى بېرىلگەن، ئازاد قىلىنغان.

**mutalebe.** is. ar. ① ھەق تەلەپ قىلماق. ② دەۋا. ③ تەلەپ.

**mutali.** s. ar. دەرس تەكرارلىغۇچى ياكى كىتاب ئوقۇغۇچى.

**mutalla.** s. ar. ئالتۇن سۈيى بىلەن پەردازلانغان.

**mutallaka.** s. is. ئەردىن ئاجرىشىپ تۇل قالغان خوتۇن.

**mutallik.** is. ar. خوتۇنىنى تالاق قىلىۋېتىپ بويتاق قالغان ئەر.

**mutalsam.** s. ar. تىلسىملىق، تىلسىملاشقان، جودا قىلىنغان.

**mutalsım.** s. ar. جودىگەر، جودىچى.

**mutantan.** s. ar. ① كۆركەم، تەنتەنىلىك. ② پارلاق، زىننەتلىك. ③ ۋاراڭ - چۇرۇڭ.

**mutarasıd.** s. ar. ① دىققەت بىلەن كۆزەتكەن. ② ساقلىغۇچى، ئىنتىزار بولغۇچى، تەقەززا بولغۇچى.

**mutarra.** s. ar. ① ساپ. ② يېڭى. ③ خۇش پۇراق. ④ پارلىداق، جۇلالىق.

**mutarraz.** s. ar. كانارلىرى يىپەك بىلەن ئىشلەنگەن.

**mutasabbı.** s. ar. بالىلىق قىلغان، بالىلارچە ئىش قىلىدىغان.

**mutasabbir.** s. ar. قىيىنچىلىقتا كۆكرەك كېرىدىغان، بەرداشلىق بېرىدىغان، سەۋرچان.

**mutasabbiyane.** z. بالىلارچە، بالىلاردەك.

**mutasaddı.** s. ar. ① يېرىلغان، پارتلاپ كەتكەن. ② تارالغان، چېچىلغان، يېيىلغان.

**mutasaddık.** s. ar. سەدىقە بەرگۈچى.

**mutasaffi.** s. ar. پاكىزلەنگەن، ساپلاشقان.

**mutasallib.** s. ar. ① قاتتىقلاشقان، قاتقان. ② تىز پۈكمەيدىغان، قەتئىي.

**mutasanni.** s. ar. چىرايلىق كۆرۈنۈشكە تىرىشقۇچى، سۆلەتۋاز.

**mutasarrıf.** s. ar. ① بىر نەرسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش. ② بىر ئىشنى خالىغىنىچە باشقۇرىدىغان. ③ بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى، ئىگە.

**mutasarrifiyet.** is. ① ئىشلىتىش ھوقۇقى. ② بىر نەرسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش.

**mutasarrım.** s. ar. ① توسقۇنلۇقنى يېرىپ ئۆتكۈچى. ② قولى ئەپلىك، ماھىر، ئۇز.

**mutasavver.** s. ar. ① تەسەۋۋۇر قىلىنغان. ② ئېھتىمالى بولغان، ئىشلىنىشى مۇمكىن بولغان. ③ قارارلاشتۇرۇلغان، نىيەت قىلىنغان.

**mutasavvıf.** is. ar. سوپىزمنى يېيىشقا تىرىشقۇچى.

**mutasavvıt.** s. ar. ئاۋاز چىقىرىدىغان.

**mutasavvir.** s. ar. ① تەسەۋۋۇر قىلغان. ② نىيەت قىلغان. ③ تەسۋىرلەنگەن.

**mutasayyif.** s. ar. ياز ئايلىرىنى بىر يەردە ئۆتكۈزگۈچى.

**mutasım.** s. ar. ① قولى بىلەن تۇتقۇچى. ② يامان ئىشلاردىن قولىنى ئۈزگۈچى.

**mutasyon.** s. خاراكتېرنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشى.

**mutat.** s. ar. كۆنگەن، ئادەتلەنگەن، ئۆگىنىلگەن.

**mutatabbip.** s. ar. ① ساختا (يالغان) دوختۇر. ② مەكتەپ يۈزى كۆرمەستىن ئەمەلىيەتتىن ئۆگەنگەن دوختۇر.

**mutatabık.** s. ar. ماسلاشقان، ئۇيغۇن.

**mutatahhir.** s. ar. ① تازىلانغان، پاكىزلەنگەن. ② مەنىۋى جەھەتتىن پاكلانغان، ئەسكى ئىشلاردىن خالى بولغان.

**mutataim.** s. ar. تەمىنى تېتىماق.

**mutatarrib.** s. ar. جۇشقۇنلۇق، جانلىقلىق.

**mutatarrif.** s. ar. ئۆزىنى چەتكە ئالغان.

**mutatavil.** s. ar. ① ئۇزارغان. ② ئۇزارتىلىپ ئېگىزلىتىلگەن.

**mutatavvi.** s. ar. ① ئىبادەتتە بولغۇچى. ② قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغان. ③ is. پىدائىي (ئەسكەر).

**mutatavvik.** s. ar ① بويىنىغا مېدالىئون قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاسقان. ② بىر ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان.

**mutatayyib.** s. ar. ① خۇش پۇراق. ② گۈزەل، خۇش، تاتلىق، تەملىك.

**mutavassıl.** s. ar. ① بىر يەرگە يېتىپ بارغان، ئېرىشكەن. ② ئارزۇسىغا يەتكەن، مەقسىتىگە يەتكەن.

**mutavassıt.** s. is. ① ئىككى تەرەپكە ئەلچىلىك قىلغۇچى، ۋاستە بولغۇچى. ② ئوتتۇرا ھاللىق خەلق. ③ سالاچى، ئارىچى.

**mutavele.** is. ar. بىر ئىشنى كەينىگە تارتماق.

**mutavi.** s. ar. باش ئەگكەن، ئىتائەت قىلغان، ئىتائەتچان.

**mutavvak.** s. ar. ① بويىنىغا مېدالىئون قاتارلىق نەرسىلەر ئېسىلغان. ② بويىنىغا تاسما، زەنجىر قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنغان.

**mutavvaka.** is. ar. بويىنىدا ھالقا شەكلىدە ۋە ئۆز رەڭگىدىن تېخىمۇ قويۇق تۈكى بولغان كەپتەر.

**mutavvel.** s. ar. ① ئۇزارتىلغان. ② تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. ③ is. مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇلىدىغان ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى كىتابى.

**mutavvelat.** is. ① ئۇزارتىلغان نەرسىلەر. ② بىر پىكىر تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن ۋە كېڭەيتىلگەن ماقالە.

**mutavvif.** is. ar. مەككىدە ھەج ۋاقتىدا بېجىرىلىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى شەخس.

**mutayebat.** is. ar. قىزىق ھېكايىلەر.

**mutayebe.** is. ar. چاقچاق قىلىشماق.

**mutayyeb.** s. ar. ① كۆڭلى ئېچىلغان، كۆڭلى خۇش بولغان. ② خۇش پۇراق نەرسىلەرنى سۈرگەن.

**mutazaccır.** is. ar. ئىچى سىقىلغان، ئىچى پۇشقان.

**mutazallil.** is. ar. ① سايىدا قالغان. ② قوغدالغان، ئاسرالغان.

**mutazallim.** s. ar. ئۆزىگە قىلىنغان زۇلۇم ۋە زورلۇقتىن شىكايەت قىلغۇچى.

**mutazammin.** s. ar. ① ئىچىگە ئالغان، ئوردۇالغان. ② كېپىل، جاۋابكار.

**mutazannın, mutazanni.** s. ar. گۇمان بىلەن ئىش قىلغۇچى.

**mutazarrı.** s. ar. يالۋۇرغۇچى، ئىلتىماس قىلغۇچى.

**mutazarrıf.** s. ar. ساختىلىق بىلەن چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنغۇچى.

**mutazarrır.** s. ar. زەرەر كۆرگەن، زىيان تارتقان.

**mutazavvi.** s. ar. ئەتراپىنى خۇش بۇي قاپلاپ كەتكەن.

**mutbik.** s. ar. ① پۈركىگەن. ② داۋام قىلغان. ③ پۈتۈن، ھەممە.

**muteattil.** s. ar. بوش قالغان، ئىشسىز قالغان.

**muteber.** s. ar. ① ئېتىبارى بولغان. ② ئىشەنچلىك، ئىناۋەتلىك.

**mutedil.** s. ar. مۆتىدىل، يا سوغۇق، يا ئىسسىق ئەمەس، ئوتتۇرا هال.

**mutekif.** s. ar. ئېتىكاپ (مەخسۇس بىر يەرگە كىرىۋېلىپ، ئىبادەت بىلەن بولغان).

**mutekifin.** is. ۋاقتىنى ئىبادەتخانىدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگۈچى.

**mutekit.** s. ar. دىنىي سۆزلەرگە ئىشەنگۈچى.

**mutel.** s. erm. كېسەل، ئاقساق - چولاق، ئەيىبى بار.

**mutemet.** is. ar. ① بىر ئىدارىنىڭ پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم. ② ئىسلام دۆلەتلىرىدە ۋەزىرلەرگە بېرىلگەن نام. ③ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان.

**mutena.** s. ar. ① دىققەت بىلەن ئىشلەنگەن، ئەھمىيەتلىك.

**muter.** s. ar. بەك يوقسۇل بولسىمۇ باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلىمىگۈچى.

**muteref.** s. ar. ئېتىراپ قىلىنغان.

**muterif.** s. ar. ① ئۆز كەمچىلىك ۋە خاتالىقىنى يوشۇرماستىن سۆزلىگۈچى. ② ئەمەلىيەتنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلىگۈچى.

**muteriz.** s. ar. ئېتىراز بىلدۈرگەن، قارشى چىققان.

**mutesif.** s. ar. ① زۇلۇم قىلغان. ② توغرا يولدىن چىققان.

**mutezim.** s. ar. ① ئۆز يولىدا ماڭغان. ② بىر ئىشنى ھەۋەس بىلەن قىلغان. ③ ساغلام.

**mutezir.** s. ar. ئۆزرە سورىغۇچى.

**mutfak, – ğı.** is. ar. ئاشخانا (تاماق ئېتىلىدىغان).

**muthike.** is. ar. كومېدىيە.

**muti, – i.** s. ar. ① ئىتائەتچان، ئىتائەت قىلغۇچى، ياۋاش. ② ئەرەنچە ئىسىم (مۇتى).

**mutik.** s. ar. ئازاد قىلىنغان، ئەركىن قويۇۋېتىلگەن.

**mutim.** s. ar. تاماق يېدۈرگۈچى، تويغۇزغۇچى.

**mutlak, – kı.** s. ar. ① مۇتلەق. ② مەۋجۇدىيەت. ③ ئەركىنگە قويۇۋېتىلگەن، جىددىي.

**mutlaka.** z. ar. ① قانداقلا بولمىسۇن، ② جىددىي هالدا، چوقۇم:
«Mutlaka gitmeliyim — قانداقلا بولمىسۇن كېتىشىم كېرەك.»

**mutlakçılık, – ğı.** is. مۇتلەقچىلىك، ئابسولىيۇتىزم (بىر كىشىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئاساسلانغان ئىدارە ئۇسۇلى):
«Biz kesin olarak mutlakçılığa karşı koymalıyız — بىز مۇتلەقچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.»

**mutlakiyet, – ti.** is. ① مۇتلەقچىلىك. ② پادىشاهلىق دۆلەت تۈزۈمى.

**mutlu.** s. ① بەختىيار. ② تەلەيلىك:
«Mutlu yaşam — بەختىيار تۇرمۇش.»

**mutluluk, – ğu.** is. ① بەختىيارلىق. ② زەۋق.

**mutmain.** s. ar. خاتىرجەم.

**mutrib.** is. ar. ① سازەندە، سازچى. ② ناخشىچى، غەزەلخان.

**mutsuz.** s. بەختسىز.

**mutsuzluk, – ğu.** is. بەختسىزلىك.

**muttali, – i.** is. s. ar. خەۋەردار،

خەۋىرى بولماقلىق.

**muttarit.** s. ar. ① رەتلىك، تەرتىپلىك. ② ئۆرنەك بولارلىق:
«Muttarit haraket — ئۆرنەك بولارلىق ھەرىكەت.»

**muttasıf.** s. ar. ماھىيەتلىك.

**muttasıl.** s. ar. ① ئۈزلۈكسىز، توختىماستىن. ② بىر - بىرىگە توتىشىپ كەتكەن:
«Muttasıl yağmur yağiyor — توختىماستىن يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.»

**muvacehe.** is. ar. دەرقەم، يۈزمۇ يۈز.

**muvadaa.** is. ar. ① ئەپلىشىپ قالماق، ئەپ بولۇپ قالماق. ② تاشلىۋەتمەك، تەرك قىلماق.

**muvafakat, — ti.** is. ar. ① رازى بولماق، مۇۋاپىق تاپماق. ② ئۇيغۇن كېلىش.

**muvafakiyet, — ti.** is. ar. مۇۋەپپەقىيەت، ئېرىشىش.

**muvaffakiyetli.** مۇۋەپپەقىيەتلىك.

**muvaffakiyetsiz.** s. مۇۋەپپەقىيەتسىز.

**muvafık.** s. ar. ① ئۇيغۇن، مۇناسىپ. ② پىكىرداش.

**muvahhiş.** s. ar. قورقۇنچقا سېلىپ قويغان، ئۈركۈتكەن.

**muvahhit.** s. ar. ① ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن، ئاللاغا ئىشەنگەن. ② يالغۇز خۇدالىق.

**muvakkar.** s. ar. ① ھۆرمەتلەنگەن. ② ئېغىر بېسىق. ③ ئەر ئىسمى (مۇۋەككەر).

**muvakkat, — tı.** s. ar. ① ۋاقىتلىق، مۇۋەققەت. ② مەلۇم بىر ۋاقىت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پويىز:

«ABD nin Çindeki muvakkat iş güderi — ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ۋاقىتلىق ئىش باشقۇرغۇچىسى.»

**muvakkaten.** z. ar. ۋاقىتىنچە.

**muvakkir.** s. ar. ھۆرمەت بىلدۈرگەن.

**muvakkit, — ti.** is. ar. كۈنگە قاراپ ناماز ۋاقتىنى بەلگىلىگۈچى (ئادەم).

**muvakkit.hane.** is. ① ۋاقىتنى بەلگىلەشكە كېرەكلىك سايمانلار قويۇلغان ئۆي. ② چوڭ جامەلەر يېنىدا بولىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەش ئۆيى.

**muvalat.** is. ar. ① دوستلۇق. ② دوستلارچە، ئۆزئارا ياردەم.

**muvaneset.** is. ar. ① دوستانە ياشىماق. ② ئادەمدىن قاچمايدىغان (ھايۋان)، ئۆيگە ئۆگەنگەن.

**muvanis.** s. ar. ① بىر - بىرىگە ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ياشىغان. ② ئادەمگە كۆنگەن، ئادەمدىن قاچمايدىغان (ھايۋان).

**muvaredat.** is. ar. ① بىر پورتتىن ئىككىنچى بىر پورتقا كەلگۈچى. ② پىكىر. ③ ئىلھام. ④ لايىھە.

**muvarede.** is. ar. ① بېرىپ - كېلىش. ② ئىككى شائىرنىڭ بىر پىكىرنى ئەينى شەكىلدە يېزىشى.

**muvasala.** is. ar. بېرىش - كېلىش ئىمكانىيىتى، قاتناش، ئالاقە.

**muvasalat.** is. ar. يېتىپ بېرىش:
«Muvasalat etmek — يېتىپ بارماق.»

**muvasat.** is. ar. ① ياردەم. ② ياخشىلىق قىلماق، دوستلۇق قىلماق. ③ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە قىلىنىدىغان ياردەم.

**muvasebe.** is. ar. ① ئېتىلماق، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە ئېتىلماق. ② سەكرىمەك.

**muvassi.** isi ar. تەۋسىيە قىلماق، ئۈندىمەك.

**muvazaa.** is. ar. ① مەسلىھەت بىلەن قىلىنغان ئىش.

**muvazat.** ar. ① پاراللېل بولۇش، تەڭپۇڭلىشىش. ② قارشى تۇرۇش، تەڭ كېلىش.

**muvezene, muvazenet.** is. ar. ① تەڭپۇڭلۇق، مۇۋازىنەت، تەڭپۇڭلاشماق. ② قىياس، مۆلچەر. ③ كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلىشىشى، بالانس.

**muvazeneli.** s. ① تەڭپۇڭلۇق. ② ئورۇنلۇق، جايىدا:

«Buradakiler daha çok muvazeneli, daha çok ulusun geleceğiyile ilgilenirler — بۇ يەردىكىلەر خېلىلا جايىدا، كۆپىنچە مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە (ئىستىقبالىغا) كۆڭۈل بۆلىدىكەن.»

**muvazenesiz.** s. ① تەڭپۇڭسىز. ② ئورۇنسىز.

**muvazenesizi.** s. ar. پاراللېل، تەڭداش

**muvazıb.** s. ar. تىنماستىن بىر ئىش بىلەن بولغان.

**muvazin.** s. ar. ① ئېغىرلىق ئۆلچىمىدە ئوخشاشلىق. ② تەڭپۇڭ.

**muvazzaf.** s. ar. ① بىر ۋەزىپە ياكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى. ② ئايلىقچى.

**muvazzah.** s. ar. ئېنىق، ئايدىڭلاشقان، ئوچۇق چۈشەندۈرۈلگەن.

**muvazzih.** s. ar. ئايدىڭلاتقان، چۈشەندۈرگەن.

**muveşşah.** s. ar. ① زىننەتلىك. ② مۇۋەششەھ (شېئىر شەكلىنىڭ بىر تۈرى).

**muyin.** is. far. ئۈن سىلىپ يىغلىماق.

**muyi, muyin.** s. ar. ① قىل، تۈك، موي، تېرە. ② يۈگۈدىن، تېرىدىن ئىشلەنگەن.

**muyine.** is. far. ① تېرە. ② تېرىدىن قىلىنغان خۇرۇم چاپان.

**muymul.** is. ar. قارچىغىغا ئوخشايدىغان بىرخىل يىرتقۇچ قۇش.

**muytap, – bı.** is. far. يۈگدىن نەرسە توقۇغۇچى ھۈنەرۋەن.

**muz.** is. ar. شاڭجياۋ، بانان.

**muzad.** s. ar. زىت، قارىمۇ قارشى.

**muzaaf.** is. ar. ئىككى قات، قاتمۇقات.

**muzaffer.** .s. ar. ① غالىب. ② ئۈستۈنلۈك قازانغۇچى. ③ ئەر ياكى ئايال ئىسمى (مۇزەپپەر).

**muzafferen.** z. ئۈستۈنلۈك قازانغان ھالدا، غالىب كەلگەن ھالدا.

**muzafferiyet, – ti.** is. ar. غالىب كەلمەك، ئۈستۈنلۈك قازانماق، غالىبلىق، ئۈستۈنلۈك.

**muzahat.** is. بىر نەرسىگە ئوخشىماق، ئوخشاشلىق.

**muzaheret.**is. ar. قوللىماق، ياردەم قىلماق.

**muzahi.** s. ar. ئوخشاشلىق.

**muzahir.** s. ar. قوللىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى.

**muzallel.** s. ar. سايىۋانلىق، كۆلەڭگىلىك، سايە چۈشكەن.

**muzam.** s. ar. .is ① چىرايلىق. ② بىر نەرسىنىڭ ئەڭ زور ياكى مۇھىم تەرىپى.

**muzamat.** is. ar. چىرايلىق، چوڭ دەپ قارالغان.

**muzari.** s. is. ar. ① ئورتاق. ② يولداش. ③ ئوخشىشىدىغان.

**muzcir.** s. ar. دەرد، ئەلەم.

**muze.** is. far. ئۆتۈك، بەتىنكە.

**muze·duz.** is. far. موزدۇز.

**muze . duzan** s. موزدوزلار.

**muze. duzi.** is. موزدۇزلۇق.

**muzga.** is. ar. بىر پارچە گۆش، گۆش پارچىسى.

**muzır, —rrı.** s.ar. زىيانلىق، زەرەرلىك.

**muzırlık,—ğı.** is. زەھەرلىك ھەرىكەت.

**muzi¹.** s. ar. نۇرلۇق، پارلاق.

**muzi².** s. ar. كۆڭۈل ئاغرىتقۇچى، جاپا سالغۇچى.

**muzif.** s. ar. مېھمان قوبۇل قىلغۇچى، مېھماننى ئۆيىدە تۇتۇۋالغۇچى.

**muzik.** s. ar. قىسقۇچى، تارلاشتۇرغۇچى.

**muzip.** s. ar. شاڭخو، قىزىقچى.

**muziplik, — ği.** is. شاڭخوچىلىق، قىزىقچىلىق.

**muziyat.** is. ar. كىشىگە ئارام بەرمەيدىغان بۈرگە، چۈشا، پاشا قاتارلىق ھاشارەتلار.

**muzlim.** s. ar. ① قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت. ② مەخپىي، يوشۇرۇن، نامەلۇم. ③ قىرقۇنچ، ئەسكى.

**muzmahil.** s. ar. ① چۆكۈپ كەتكەن، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. ② خاراب بولغان، يوق بولغان.

**muzmer.** is. s. ar. ① مەخپىي ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەر. ② ئوي، نىيەت.

**muzmerrat.** is. ① مەخپىي نەرسىلەر، سىرلار. ② كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن نىيەت ۋە باشقىلار.

**muztar.** s. ar. ① بىر ئىشقا زورلىغان. ② بىر ئىشنى قىلىشتا قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان. ③ چارىسىز، ئامالسىز.

**muztarım.** s. ar. ① يالقۇنجىغان، تۇتاشقان (ئوت). ② ھاياجانلانغان. ③ ئالدىراپ ـ تېنەپ كەتكەن.

**mübaade. mübaadet.** is. ar. ① بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماق. ② ئۇزاق تۇرماق.

**mübaale.** is. ar. جىلۋىلەنمەك.

**mübadat** .is. ar. ① ھۇجۇم قىلىش. ② دۈشمەنلىك قىلىش.

**mübadele.** is. ar. ئالماشتۇرۇش، تېگىشىش:

«Mal mübadelesi yapıldı — مال ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.»

**mübadeleci.** is. ئالماشتۇرغۇچى.

**mübadere.** is. ar. بىر ئىشقا كىرىشمەك.

**mübadil.** is. ar. مۇبادىل (تۈركىيىدىكى روملار بىلەن ئالماشتۇرۇپ يۇنانىستاندىن كەلتۈرۈلگەن تۈركلەر).

**mübagame.** is. ar. تىلى تاتلىق، ئاغزى يۇمشاق (ئادەم).

**mübagat.** is. ar. زىنا.

**mübagate.** is. ar. ① تۇيۇقسىز بولۇش (بىر ئىش). ② تۇيۇقسىز ھۇجۇم.

**mübagaze.** is. ئاداۋەت (ئۆچمەنلىك) ساقلىماق.

**mübahat.** is. ar. ماختىنىش، ئۆزىنى ماختاش.

**mübahele.** is. ar. لەنەت ئوقۇش.

**mübahhar.** s. ar. ئىسسىقلانغان، ئىسسىق سىڭىنغان.

**mübahi.** s. ar. ئۆزىنى ماختىغۇچى.

**mübahis.** i. s. بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشمەك ياكى تالاش - تارتىش قىلماق.

**mübait.** s. ar. بىر - بىرىدىن يىراقلاشقان.

**mübalâğa.** is. ar. مۇبالىغە (بىر نەرسىنى ئەسلى ھالىتىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش).

**mübalâğacı.** s. مۇبالىغىچى، چوڭايتقۇچى.

**mübalâğalı.** s. مۇبالىغىلىق.

**mübalât.** ① دىققەت، ئېھتىيات. ② قايغۇ.

**mübâlâtkâr.** s. دىققەت (ئېھتىيات) بىلەن ئىش كۆرگۈچى.

**mübâne.** is. ar. تالاق يولى بىلەن ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال.

**mübarek.** s. ar. ① ئەزىز، ھۆرمەت، مۇبارەك. ② بەختلىك. ③ بەرىكەتلىك، باياشاتلىق:

«Bayramınıza mübarek — بايرىمىڭىزغا مۇبارەك.»

**mübareke.** s. ar. تەلەيلىك، بەختلىك.

**mübareki.** s. ar. تەبرىكلەش، قۇتلۇقلاش.

**mübarezat.** is. ar. ئۆزئارا ئۇرۇشۇش.

**mübarezet.** is. ar. ① ئۇرۇشۇش، سوقۇشۇش، جەڭ قىلىشىش. ② ئار نومۇس ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان دوئىل.

**mübareze. gâh.** is. جەڭ مەيدانى.

**mübariz.** s. is. ar. بىرگە - بىر سوقۇشقان (ئېلىشقان).

**mübarizen, mübarizin.** is. ar. ئۇرۇشۇشقا تەييارلانغانلار.

**mübasele.** is. ar. ھۇجۇم قىلماق، جەڭدە ھۇجۇمغا ئۆتمەك.

**mübasete.** is. ar. بىراۋ بىلەن ئوچۇق، تارتىنمايلا سۆزلىشىش.

**mübaşeret.** is. ar. بىر ئىشقا كىرىشمەك.

**mübaşir.** is. ar. ① سىرتتا گۇۋاھ - ئىسپاتلارنى چاقىرىش، چاقىرىق قەغىزى تارقاتقۇچى شەخس. ② ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە بىلدۈرگۈچى.

**mübayenet, – ti.** is. ar. ① ئايرىملىق. ② زىددىيەت.

**mübâyin.** s. ar. ① بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، پەرقلىق. ② زىت، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى.

**mübdi.** s. ar. ① ئىجاد قىلغۇچى. ② دىنىي ئىشلاردا بىدئەتكە تەۋە ئادەم.

**mübbeccel.** s. ar. ① ئۇلۇغ. ② ئۇلۇغلاشقان. is. ③ ئەرەنچە ياكى ئايالچە ئىسىم.

**mübeddel.** s. ar. ئۆزگەرتىلگەن، بىر شەكىلدىن بىر شەكىلگە كىرگەن.

**mübeddil.** s. ar. ① ئۆزگەرتكەن. ② باشقا تۇسكە كىرگۈزگەن.

**mübeddile.** s. ar. ① ئۆزگەرتكۈچى. ② ترانسفورماتور.

**mübehhiç.** s. ar. گۈزەللەشتۈرگۈچى.

**mübellig.** s. ar. بىر بۇيرۇق ياكى خەۋەرنى جايىغا يەتكۈزگەن.

**müberhen.** s. ar. ① دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان. ② ئاشكارا.

**müberkaa.** s. is. بېشى ئاق، باشقا يېرى قارا قوي (ئاق باش قارا قوي).

**müberit.** s. ar. سوۋۇتىدىغان، سوغۇق

ساقلايدىغان سايمان.

**mübeşşer.** s. ar. خەۋەر بىلەن خۇش قىلغۇچى.

**mübeşşir.** s. ar. خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

**mübevvil.** s. ar. سۈيدۈكنى كۆپەيتىدىغان، ئادەمنى كۆپ سىيدۈرىدىغان.

**mübeyyen.** s. ar. ئوتتۇرىغا چىققان، ئاشكارىلانغان.

**mübezzir.** s. ar. ئىسراپ قىلغان، ئورۇنسىز يەرگە خەجلىگەن.

**mübezzirin.** is. ئىسراپ قىلغۇچىلار.

**mübhic.** s. ar. خۇشال قىلىدىغان.

**mübi.** s. is. ساتقۇچى.

**mübin.** s. ar. ① ياخشى - يامانىنى ئايرىۋالالايدىغان. ② ئاشكارا، ئوچۇق.

**mübki.** s. ar. يىغلاتقان، يىغلاتقۇچى.

**mübrid.** s. ar. سوۋۇتىدىغان، سوۋۇتقۇچى.

**mübriz.** s. ar. مەيدانغا چىقارغان، كۆرسەتكەن.

**mübtega.** is. ar. ئارزۇ قىلىنغان نەرسە.

**mübtehic.** s. ar. خۇشال بولارلىق، خۇشال بولىدىغان.

**mübtehil.** s. ar. دۇئا قىلىپ تىلىگەن.

**mübtel.** s. ar. بىكار قىلىنغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**mübtela.** s. ar. يېپىلگەن، يۇتۇلغان.

**mübteli.** s. ar. يېگەن، يۇتقان.

**mübtesim.** s. ar. كۈلۈمسىرىگەن، تەبەسسۇم.

**mübti.** s. ar. مىدىسىق، ھەرىكىتى سۇس.

**mücaad.** s. ar. بۇجغۇر، بۇدۇر بۇدۇر قىلىنغان (چاچ).

**mücab.** s. ar. ① تەلىپى قوبۇل قىلىنغان. ② دۇئاسى قوبۇل قىلىنغان.

**mücadele.** is. ar. كۈرەش: «Biz ülkemizi kudretli bir sosyalistik ülke halinde inşa etmek için mücadele ediyoruz. — بىز ئېلىمىزنى كۈچلۈك بىر سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز.»

**mücadeleci.** s. ar. كۈرەشچى، كۈرەش قىلغۇچى.

**mücahede.** is. ar. ① ئۇرۇشۇش، سوقۇشۇش، ئېلىشىش. ② ئۆز نەپسىگە قارشى كۈرەش.

**mücahere.** is. ar. ئوتتۇرىغا چىقىرىش.

**mücahit.** is. ar. ① مۇقەددەس ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى. ② غەيرەت قىلغۇچى. ③ ئەرەنچە ئىسىم (مۇجاھىت): «Afgan mücahitleri — ئافغان مۇجاھىتلىرى.»

**mücalis.** s. ar. بىللە ئولتۇرغانلار.

**mücamaa.** is. ar. جىنپىلىشىش (ئەركەك بىلەن چىشى).

**mücamele.** is. ar. ① ئۆزئارا ياخشى ئۆتۈشمەك. ② دۆلەتلەر ئارا دوستانە ئۆتۈشمەك.

**mücanebet, — ti.** is. بىر نەرسىدىن ئۆزىنى تارتماق، بىر ئىشنى قىلىشتىن باش تارتماق. ② يىراقلاشماق.

**mücaneset, — ti.** is. ar. ئوخشاش جىنستىن بولۇش، ھەمجىنسلىق.

**mücanib.** s. ar. ئۆزىنى تارتقان، يىراقلاشقان.

**mücanis.** s. ar. ئەينى جىنستىن،

ھەمجىنس.

**mücaraha.** is. ar. بىر ـ بىرىنى يارىدار قىلىش.

**mücareze.** is. ar. قاتتىق چاقچاقلىشىش، قوپال چاقچاق قىلىش.

**mücaseret.** is. ar. جاسارەت كۆرسىتىش.

**mücasir.** s. ar. جاسارەت كۆرسەتكۈچى، جاسارەت كۆرسەتكەن.

**mücaveret.** is. ar. ① قوشنىلىق. ② يېقىنلىق.

**mücavir.** s. is. ① قوشنىدارچىلىق. ② ئۆمرىنى مەككە ياكى مەدىنىدە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن.

**mücaviran.** is. ar. ① قوشنىلار. ② ۋاقتىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگۈچىلەر.

**mücaz.** s. ar. ① قىلىنىشى ماقۇل كۆرۈلگەن. ② رۇخسەت ئېلىنغان، دىپلومى بار.

**mücazat.** is. ar. جازالاش.

**mücazeten.** z. جازا تەرىقىسىدە.

**mücber.** is. ar. مەجبۇر قىلىنغان، زورلانغان.

**mücbir.** s. ar. مەجبۇر قىلغان، زورلىغان.

~ **sebep.** مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەر.

**mücebbir.** s. ar. سۇنۇقچى، تېڭىقچى.

**mücedded.** → **Müceddet**

**müceddeden.** z. يېڭىدىن، يېڭىباشتىن.

**mücedder.** s. ar. چېچەك (كېسەل).

**müceddet.** s. ar. يېڭى، تېخى ئىشلىتىلمىگەن، يېپيېڭى.

**müceddit.** s. is. ar. يېڭىلىغۇچى، ئىسلاھ قىلغۇچى.

**mücef.** z. ar. ئىچى بوش، بوشىتىلغان، كاۋاك...

**müceffef.** s. ar. قۇرۇتۇلغان، سۈيى قالمىغان.

**mücehhez.** s. ar. ① كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالغان. ② ھازىرلانغان، تەييارلانغان.

**mücella.** s. ar. پارقىراق، جۇلالىق.

**mücelli.** s. ar. ① جۇلا بېرىدىغان، پارقىرىتىدىغان. ② پاكىزلەنگەن.

**mücellit, – di.** is. ar. كىتاب مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى.

**mücellit.hane.** is. ar. مۇقاۋا ئىشلەيدىغان يەر.

**mücellitlik, – ği.** is. مۇقاۋىچىلىق.

**mücennan.** s. ar. ① قاناتلىق، قانىتى بار. ② باش ياكى ئاخىرقى ھەرپىنى ئۆزگەرتىش بىلەن مەنىسى ئۆزگىرىدىغان بېيىت.

**mücerreban.** is. سىنالغان ۋە سىناقتىن ئۆتكەن، تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

**mücerrebat.** is. ar. تەجرىبە قىلىنغان، سىنالغان.

**mücerredat.** is. ar. ① ئابستراكت ئۇقۇم. ② مەنىۋى دۇنيا.

**mücerrediyet, – ti.** is. ar. ① يالغۇزچىلىق. ② ئابستراكت. ③ بويتاقلىق.

**mücerre.** s. ar. ① جىسىم ھالدا بولمىغان. ② باشقا بىر نەرسىگە ئارىلاشمىغان. ③ يالاڭ، يالىڭاچ. ④ يالغۇز، تەنھا. ⑤ بويتاق.

**mücerrib.** s. ar. سىنىغۇچى، تەجرىبە قىلغۇچى.

**mücessem.** s. ar. ① جىسىم ھالى

دىكى، جىسىم شەكلىگە كىرگەن. ② قاـ
پارتما، بۇرتمە.

**mücevher.** is. ar. ① قىممەت باھا
تاش ۋە مەدەنلەردىن ئىشلەنگەن زىننەت
بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ② قىممەتـ
لىك تاش ۋە مەدەنلەر بىلەن زىننەتـ
لەنگەن.

**mücevherat.** is. ar. قىممەتلىك
تاش، مەدەنلەردىن ياسالغان زىننەت
بۇيۇملىرى.

**mücevherci.** is. ① زەرگەر. ② قىمـ
مەت باھالىق تاش ۋە مەدەنلەردىن زىنـ
نەت بۇيۇمى ياسىغۇچى.

**mücevhercilik, – ği.** is. زەرگەرلىك.

**mücevvef.** s. ar. ئىچى بوش، ئىچى
كاۋاك.

**mücevver.** s. ar. زۇلۇم ۋە جەبىر
كۆرگەن.

**mücevvez.** s. ar. رۇخسەت بېرىلگەن،
جائىز كۆرۈلگەن.

**mücib.** s. ar. ① سورالغان ئىشلارغا
جاۋاب بەرگۈچى. ② خالىغىنىنى قىلغۇـ
چى. ③ تەڭرى، خۇدا.

**mücid.** s. ar. قىلىدىغان كەلگىنىچە
ئىشلىمەك.

**müciz.** s. ar. رۇخسەت بەرگەن.

**mücla.** s. ar. سۈرگۈن قىلىنغان.

**mücmel.** s. ar. ① خۇلاسە قىلىنغان،
يىغىنچاقلانغان، قىسقارتىلغان.
② مۇجمەل:

«Bu konuda mücmel bir fikir vermek için kısa bir izahta bulunayim — بۇ ھەقتە يىغىنچاق پىكىر بېرىش ئۈچۈن قىسقىلا ئىزاھ بېرىپ ئۆتەي.»

**mücrim.** s. ar. گۇناھكار، جىنايەتچى،
ئەيىبكار.

**mücrimiyet, – ti.** is. گۇناھكارلىق،
ئەيىبكارلىق.

**mücteba.** s. ar. ① تاللانغان، پارلانـ
غان، مۇنەۋۋەر. ② مۇھەممەد پەيغەمـ
بەرنىڭ لەقىمى. ③ ئەرەنچە ئىسىم
(مۇجتەبا).

**müctenih.** s. ar. بىر تەرەپكە مايىل
بولغان.

**müctenip.** s. ar. ئېھتىيات قىلغان،
ئارىلاشمىغان.

**mücteri.** s. ar. جاسارەت كۆرسەتكۈچى،
جۈرئەتلىك.

**mücver.** is. mutf. ياغدا پىشۇرۇلغان
بىر خىل تاماق.

**müçtemi, – i.** s. ar. توپلانغان، يىـ
غىلغان، بىردەككەن، جەم بولغان.

**müçtenip.** s. ar. ئېھتىيات قىلغان.

**müd.** is. ar. بىر خىل ئاشلىق ئۆلچەش
ئەسۋابى.

**müdaabe.** is. ar. ئۆز ئارا چاقچاق
قىلىشماق.

**müdabere.** is. ar. بىر – بىرىگە ئارـ
قىسىنى قىلماق.

**müdafaa.** is. مۇداپىئە، قوغدىنىش.

**müdafi.** s. is. ئۆزىنى قوغدىغۇچى.

**müdahale.** is. ar. مۇداخىلە، ئارىـ
لىشىش:

«Hiç bir yabancı ülkenin müdahelesine izin vermedik ve vermiyeceğiz — ھەرقانداق بىر چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويمىدۇق ھەم يول قويمايمىز.»

**müdahene.** is. ar. خۇشامەتچىلىك،

يۈزمۇ يۈز ماختاش.

**müdahere.** is. ar. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجارە.

**müdahil.** s. ar. ئارىلاشقۇچى.

**müdahin.** s. ar. خۇشامەتچى.

**müdam.** s. ar. is. ① داۋاملىق. ② ئۈزۈم ھارىقى.

**müdame.** is. ar. ئۈزۈم ھارىقى، ۋىنو.

**müdami.** s. is. دائىم ۋىنو ئىچىدىغان.

**müdana.** is. ar. مىننەت.

**müdani.** s. ar. ئوخشايدىغان، جۈپ.

**müdara.** is. ar. لەۋلا:

«Müdara bir adam — لەۋلا ئادەم.»

**müdava, müdavat.** is. ar. داۋالاش.

**müdavemet.** is. ① داۋام قىلىش، ئۈزۈلۈپ قالماسلىق. ② ئۈزۈلدۈرۈپ قويماستىن ئىشلەش. ③ داۋاملىق بېرىپ كېلىش.

**müdavere.** is. ar. ① ئۆرىمەك. ② ئىدارە قىلماق.

**müdavi.** s. ar. داۋالىغۇچى، كېسەلنى ساقايتقۇچى.

**müdavim.** s. is. ① داۋاملىق بېرىپ تۇرىدىغان. ② داۋاملىق ئىشلەيدىغان.

**müdayene.** is. ar. بىر - بىرىدىن قەرز ئېلىش، بىر - بىرىگە قەرزدار بولۇش.

**müdbir.** s. ar. تەلەيسىزلىكنىڭ قۇربانى بولغان، چۈشكۈن.

**müddehar.** s. ar. توپلانغان، يىغىلغان، تېجەلگەن.

**müddei.** s. ar. ① دەۋاگەر. ② تۆھمەتخور.

**müddet, - ti.** is. ar. مۇددەت، زامان، ۋاقىت، چاغ.

**müddetsiz.** s. مۇددەتسىز:

«Müddetsiz hapis cezası — مۇددەتسىز قاماق جازاسى.»

**müdedbir.** s. ar. تەدبىرلىك، دەبدەبىلىك.

**müdebbeb.** s. ar. كۆركەملىك.

**müdehhan.** s. ar. تۇمانلىق.

**müdehhen.** s. ar. خۇش پۇراق ياغ سۈرۈلگەن.

**müdehhiş.** s. ar. قورقۇتىدىغان، چۆچۈتىدىغان، مۇدھىش.

**müdekkik.** s. ar. تەتقىق قىلغۇچى، ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغۇچى.

**müdellel.** s. ar. دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، ئىسپاتلىق.

**müdemmag.** s. ar. ئەخمەق، دۆت، گالۋاڭ، مۆڭ.

**müdemmer.** s. ar. يوق بولغان، يوقالغان.

**müdemmir.** s. ar. يوقاتقۇچى، يوق قىلغۇچى.

**müdennes.** s. ar. كىر بولۇپ كەتكەن.

**müderhem.** s. ar. باي، پۇلى كۆپ.

**müderris.** is. ar. ① پروفېسسور. ② دەرس بەرگۈچى.

**müdevvenat.** is. ar. بىر يەرگە توپلانغان ۋە توپلام قىلىنغان ئەسەرلەر.

**müdevver.** s. ar. ① ئايلاندۇرۇلغان، ئاغدۇرۇلغان. ② تەجرىبە قىلىنغان. ③ يۇملاق، دومىلاق. ④ يېڭى پىلانغا كىرگۈزۈلگەن.

**müdevvin.** s. ar. شېئىر ۋە باشقا نەرسىلەرنى توپلاپ، توپلام ھالىغا كەلتۈرگۈچى.

**müdevvir.** s. ar. ① ئايلاندۇرغۇچى. ② تەرجىمە قىلغۇچى. ③ باشقۇرغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى.

**müdhal.** s. ar. ئىچكىرىگە (ئىچىگە) كىرگۈزۈلگەن، قاتناشتۇرۇلغان.

**müdir.** is. ar. → **Müdür.**

**müdiriyet,–ti.** is. ar. **Müdüriyet.**

**necva.** is. ar. سىر، مەخپىي سۆز.
**neda.** is. ar. ① نەم، قىراۋ، شەبنەم. ② مەردلىك قىلىش، ھەدىيە بېرىش.
**nedalet.** is. ar. ① كىر، پاسكىنا. ② بۇلاش، تالاش، تارتىۋېلىش.
**nedamet, – ti.** is. ar. پۇشايمان قىلىش.
**~ etmek.** پۇشايمان قىلماق.
**nedan.** far. نادان.
**nedavet, – ti.** is. ar. ① نەملىك. ② سۆزلىشىش.
**nedb.** is. ar. ① ئۆلگۈچى ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇپ يىغلاش. ② تەكلىپ، چاقىرىق، تەشۋىق.
**neddaf.** is. ar. پاختا ئاتقۇچى.
**neddaflık, – ğı.** is. پاختا ئېتىش كەسپى.
**nedem.** is. ar. پۇشايمانلىق.
**neden.** z. ① نېمە ئۈچۈن، نېچۈن، نېمىشقا؟ ② سەۋەب:
«Neden böyle yaptın? نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟
Böyle yapmanın nedenini anlamadım — بۇنداق قىلغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم.»
**neden bilim.** is. ئېتىئولوگىيە (① سەۋەبلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بىلىم. ② كېسەللەرنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرىدىغان بىلىم).

**nedenlemek.** سەۋەب بولماق.

**nedensiz.** s. سەۋەبسىز.

**nedif.** s. ئېتىلغان (پاختا، يۇڭ).

**nedim.** is. ar. ① يېقىن دوست، سەمىمىي يولداش. ② ھېكايىچى، لەتىپىچى. ③ ئەر ئىسمى (نەدىم).

**nedime.** is. ar. ① ئايال دوست، ئايال يولداش. ② ھۆرمەتلىك ئايالنىڭ ئايال دوستى. ③ ئايال ئىسمى (نەدىمە).

**nedman.** is. ar. ① پۇشايمان قىلىش. ② ئۆلپەتچىلىك، ئاغىنىدارچىلىق.

**nedve.** is. ar. كۆرۈشۈش، سۆھبەتلىشىش.

**nef**[1]. is. ar. مەنپەئەت، پايدا، نەپ.

**nef**[2]. is. far. شاھ ۋە قىراللارنىڭ تاماق شىرەلىرىنى بېزەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان نەرسە.

**nefad.** is. ar. خەجلىنىپ تۈگەش، يېيىلىپ تۈگەش.

**nefahat, nefehat.** is. ar. ① خۇش پۇراقلار، ئېسىل پۇراقلار. ② يەللەر، شاماللار.

**nefais.** is. ar. ھەممىگە ياخشى كۆرۈنىدىغان نەرسىلەر.

**nefaset.** is. ar. گۈزەللىك، ئېسىللىك، قىممەتلىك.

**nefaz.** is. ar. ① ئىلمە (ئىلمىچىلىك سەنئىتى). ② ھۆرمەتلىك، ھۆرمەتكە ئىگە.

**nefel.** is. ar. ① غەنىيمەت، ئولجا. ② مۇكاپات.

**nefer.** is. ar. ① ئەسكەر. ② نەپەر، بىرلا كىشى.

**neferat.** is. ar. ئەسكەرلەر، سولداتلار.

**neferi.** s. ئەسكەرگە ئائىت.

**neferiye.** is. ar. كىچىك چىڭگىللىك ئۈزۈم.

**nefes**[1]. is. ar. ① نەپەس. ② سۈمۈرۈلگەن ئىس، ھاۋا، تۇمان. ③ دەم سېلىش.

**~ çekmek.** ① تاماكا چەكمەك. ② بەڭ (نەشە) چەكمەك. ③ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماق.

**nefes**[2]. is. ar. ئەلىۋى ۋە بەكتاش ئېتىقاتلىرىغا مەدھىيە ئۈچۈن يېزىلغان بىر خىل نەزمەشە كلى.

**nefeslemek.** ① پۈۋلىمەك، يەل بەرمەك. ② دەم سالماق، سۈفكۈشلىمەك.

**nefeslenmek.** دەم سالدۇرماق.

**nefesleşmek.** بەڭ (نەشە) چەكمەك.

**nefesli.** s. ① پۈۋلەپ چېلىنىدىغان (ساز). ② دەم ئالماي ئۇزۇن تۇرالايدىغان.

**nefeslik, – ği.** is. ① بىردەملىك ۋاقىت. ② ھاۋا ئالىدىغان تۆشۈك، پارتۇشكا. ③ ۋانتىلاتور.

**nefh.** is. ar. ① پۈلەش، پۈلەپ كۆپتۈرۈش. ② كاناي چېلىش.

**nefha**[1]. is. ar. ① خۇش پۇراق. ② شامالنىڭ بىر قېتىم چىقىشى.

**nefha**[2]. is. ar. ① پۈۋلەش، نەپەس ئېلىش. ② قورساقنىڭ كۆپۈشى.

**nefi.** is. ar. ھايانكەش.

**nefir.** is. ar. ① جامائەت. ② سىگنال (ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى). ③ كاناي. ④ ئۇرۇش بەلگىسى. ⑤ پەرياد، ئىڭراش.

**nefiri.** is. ar. كانايچى.

**nefis, – fsi.** is. ar. ① ئۆز، نەپسى. ② روھ، جان، ھايات. ③ جەۋھەر. ④ بىر نەرسىنىڭ مەركىزى. ⑤ مەنى:

«Insan ancak nefisini düşünmemeli — «ئىنسان يالغۇز ئۆز نەپسىنىلا چۈشەنمەسلىكى لازىم.»

**nefis.** s. ar. نەپىس، گۈزەل، ئۆز.

**nefiy, – fyi.** is. ar. ① سۈرگۈن قى-

لىش. ② ئىنكار قىلىش. ③ بولۇشسىزلىق (گراماتىكىدا).

**nefr.** is. ar. ① ئۈركۈپ قاچماق. ② ئىگىرىماق.

**nefralji.** is. fr. بۆرەك ئاغرىقى.

**nefraktomi.** is. fr. بۆرەكنىڭ ئوپېراتسىيە يولى بىلەن ئېلىپ تاشلىنىشى.

**nefret, – ti.** is. ar. ① نەپرەت. ② قورقۇش، ئۈركۈش.

**nefrin.** is. far. ① لەنەت. ② لەنەت ئوقۇماق.

**nefrit[1], – ti.** is. fr. بۆرەك كېسىلى.

**nefrit[2], – ti.** is. fr. يېشىل تاش (زىننەت تېشى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان مىنېرال).

**nefsa.** is. ar. يېڭى بالا تۇغقان ئايال.

**nefrizm.** is. يۆرەك كېسەللىكىدىن بولىدىغان ئورۇقلۇق، زەئىپلىك.

**nefroid.** s. fr. بۆرەكسىمان، بۆرەك شەكلىدە.

**nefrolifofomi.** is. بۆرەكتىكى تاشنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئوپېراتسىيە.

**nefrom.** is. fr. ئومۇمەن بۆرەك ئۆسمىسى.

**nefs.** is. ar. ① پۈۋلەش. ② تۈكۈرۈش.

**nefsa.** is. ar. تۇغۇتلۇق ئايال.

**nefsani.** s. ar. ① نەپسانىي، نەپسىگە بېرىلگەن. ② ئۆچمەنلىك ۋە غەرەز.

**nefsaniyet.** is. ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك.

**neft, – ti.** is. far. نېفىت، ماي.

**nefti.** s. far. قېنىق يېشىل.

**nefur.** s. ar. ئۈركۈپ قاچقان.

**nefy · etmek.** ① سۈرگۈن قىلماق. ② بولۇشسىز (گراماتىكىدا).

**nefz.** is. osm. ① مېۋىلىك دەرەخنى ئىرغىتماق. ② كېيىمنىڭ تېپىسىنى چىقىرىش ئۈچۈن سىلكىمەك. ③ كېسەللىك سەۋەبىدىن تىترىمەك. ④ بىر نەرسىنى تەتقىق قىلماق.

**negatif.** s. fr. نېگاتىۋ (فوتو فىلىمى)، كۆپىيە.

**negro.** is. isp. نېگىر، قارا تەنلىك.

**negohide.** s. far. ① تەنقىد قىلماق، ئەيىبلىمەك. ② يامان، ئەسكى، ئىپلاس.

**nehad.** is. far. ئۇسۇل، قائىدە يوسۇن، يول.

**nehak.** is. ar. هاڭراش (ئېشەك).

**nehar.** is. ar. ① كۈندۈز. ② ئەر ئىسمى (نەهار).

**nehari.** s. ar. ياتاقسىز (ئوقۇغۇچى)، قاتناپ ئوقۇيدىغان.

**neharir.** is. ar. ئالىملار.

**nehat.** is. ar. تەرەپ، جەھەت.

**nehb.** is. ar. بۇلاڭ - تالاڭ.

**nehc.** is. ar. ① ئوچۇق ۋە تۈز يول، ئانا يول. ② ئۇسۇل، تەرتىپ، مېتود. ③ تەرەپنى ئۆزگەرتىش، يولىدىن ئېزىپ قېلىش، ۋاز كېچىش.

**neheng.** is. far. ① تىمساھ. ② قىلىچ.

**nehhab.** s. ar. بۇلاڭچى.

**nehhac.** is. ar. توغرا يول كۆرسەتكۈچى رەھبەر.

**nehib[1].** s. ar. بۇلاڭچى.

**nehib[2].** is. ar. قورقۇش، دەھشەت، قاتتىق ئەندىشە.

**nehik,** is. ar. هاڭراش.

**nehim.** s. ar. ① ئاچكۆز، تويغىنىنى بىلمەيدىغان، ئوپقان. ② يىرتقۇچ.

**nehir, – hri.** is. ar. دەريا:

«Ili nehri — ئىلى دەرياسى».

**nehîr.** is. ar كۆپ، جىق، نۇرغۇن، تولا.

**nehiy, —hyi.** is. ar. تۇسۇش، چەكلەش، مەنئى قىلىش.

**nehk[1].** is. ar. هاڭراش.

**nehk[2].** is. ar. ① ئەسكىرەپ كەتمەك، ② جۇل - جۇل بولۇپ كەتمەك. ② زەئىپلەشمەك.

**nehm.** is. ar. ① هۆركىرىمەك (يولۋاس). ②خىرقىراپ نەپەس ئالماق.

**nehme.** is. ar. ① يەپ تويماسلىق، ئاچكۆزلۈك. ② هۆركىرەش، خىرقىراش.

**nehren.** z. ar. سۇ يولى.

**nehyetmek.** چەكلىمەك، مەنئى قىلماق.

**nehz, nehzat.** is. ① بىر ئىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلماق. ② سەپەرگە چىقماق.

**nekâbet.** is. ar. سىسىقىش، قىسىش، ئەرزىيەت بېرىش (بىرىگە).

**nekahet, — ti.** is. كېسەلدىن ياخشىلىنىش جەريانى.

**nekâl.** is. ar. ① تەنبىھ، جازا. ② ساۋاق، ئىبرەت.

**nekave, nukave.** is. ar. ① ساپ، هېچ نەرسە ئارىلاشمىغان. ② بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئېسىلى.

**nekavet, — ti.** is. ar. - پاكىزلىك، تازىلىق.

**nekayi.** is. ar. زىياپەتلەر.

**nekbet, — ti.** is. ar. ① تەلەيسىز، بەختسىزلىك. ② چۈشكۈنلۈك، پالاكەت، بالا - قازا.

**nekbeti.** s. ① تەلەيسىزلىك، پالاكەتكە گىرىپتار بولغان. ② بەختسىز.

**nekebat.** is. ar. ① تەلەيسىزلەر، بەختسىزلەر. ② بالالار، پالاكەتلەر.

**neked.** is. ar. ① يىرقىنچلىق. ② قىسلىق، غەم - غۇسسە.

**nekes.** nakes. s. far. ① بېخىل، پىخسىق. ② ئەخلاقسىز، پەسكەش.

**nekesan.** is. ① بېخىللار، پىخسىقلار. ② پەسكەشلىك، ئەخلاقسىزلىق.

**nekf.** is. ar. ① ئاخىرلاشماق، توختىمەك. ② تەقىپ قىلماق، ئىزدىمەك.

**nekir.** s. ar. مۇجمەل، بىلىنمەيدىغان.

**nekkâd.** s. ar. غەمگە سالىدىغان، ئەلەم قىلىدىغان.

**nekr.** is. ar. ئەقىللىق، دانا.

**nekre.** s. is. ar. ① غەلىتە جاۋاب بېرىدىغان ياكى غەلىتە چۈشەنچىدە بولىدىغان. ② غەلىتە پىكىرلەر.

**neks[1].** is. ar. بىر ئىشنىڭ قىلىنىشىنى چەكلەش، مەنئى قىلىش.

**neks[2].** is. ar. ① بۆلۈش، پارچىلاش. ② كېلىشىمنى بۇزۇش.

**neks[3]** is. ar. ① ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش. ② كەينىگە قايتىش. ③ بېشىنى پەسكە ئېگىش. ④ تەكرارلاش. ⑤ بولۇپمۇ قۇرئاندىن بىر سۈرىنى تەتۈرىسىگە ئوقۇش.

**neler.** z. نېمىلەر (كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ):

«Sincanda neler gördün? شىنجاڭدا نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟»

**nelik, — ği.** is. ماھىيەت.

**nem[1].** is. far. ① نەم. ② قىراۋ. ③ هۆل (سۈنىڭ). ④ گۇمان، ئەندىشە.

**nem[2].** is. ar. سۆز خەنچى، ئارىسىنى بۇزغۇچى.

**nema.** is. ar. ① كۆپىيىش، ئارتىش. ② چوڭىيىش، راۋاج تېپىش. ③ ئۆسۈم.

**nemaik.** is. ar. مەكتۇپلار.

**nemaim.** is. ar. پىتنە - پاسات

تېرىماق، كاللا سوقۇشتۇرماق.

**nemalanmak.** ① كۆپەيمەك، ئارتماق. ② كۆتۈرۈلمەك، بېقىلماق.

**nemarik.** is. ar. ياستۇقلار..

**nemat, – tı.** is. ar. ① ئۇسۇل، يول، تەرىز. ② يوپۇق.

**nemcil.** s. نەمنى ياخشى كۆرىدىغان، نەم يەردە ئۆسىدىغان (ئۆسۈملۈك).

**nemed.** is. far. كىگىز.

**nemedin.** s. كىگىزدىن ياسالغان.

**nemek.** is. far. ① تۇز. ② تەم، لەززەت. ③ كۆرگەن ياخشىلىقىغا شۈكرى قىلىش.

**nemekdan.** is. far. ① تۇزلۇق (قاچا). ② سۆيگىنىنىڭ كالپۇكى (لىۋى).

**nemekin.** s. ① تۇزلۇق، تۇزلانغان. ② كۆز يېپىشى بىلەن نەملەشكەن. ③ تاتلىق (كالپۇك).

**nemika.** is. ar. ① مەكتۇپ. ② ئايال ئىسمى (نەمىكە).

**neml.** is. ar. ① چۈمۈلە. ② قىچىشقاق ئوت، چاقىرتۇت.

**nemlenmek.** نەملەنمەك.

**nemletmek.** نەم قىلماق.

**nemli.** s. نەملىك.

**nemmal.** s. ar. ئارىنى بۇزغۇچى، ئارىغا پىتنە سالغۇچى.

**nem . ölçer.** is. نەم ئۆلچەر (نەم ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب).

**nemmam.** is. s. ar. گەپ توشۇغۇچى، ئارىنى بۇزغۇچى.

**namrut.** s. نامروت (بابىل ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، تۈركچىدە رەھىمسىز، ئىنسابسىز مەنىدە قوللىنىلىدۇ).

**neng.** is. far. ① شەرەپ، ئاتاق، شۆھرەت. ② ئار، ھايا. ③ ئەيىب.

**nengname.** is. far. ① جەڭنامە. ② ھەجۋى، ساتىرىك ئەسەر.

**Neptün.** öz. is . lat. astr. نېپتۇن (قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا ئۇزاقلىق جەھەتتە 8 - ئورۇندا تۇرىدىغان سەييارە).

**ner.** s. far. ئەر، ئەركەك.

**nerde.** z. قەيەردە، نەدە:

«Siz nerde çalişiyorsunuz? سىز قەيەردە ئىشلەيسىز؟»

**nerdüban, nerdban.** is. پەلەمپەي، تاتما، باسماق.

**nere.** z. قەيەر، نە:

«Sincanda en çok nereyi beğendiniz? شىنجاڭدا ئەڭ ياخشى كۆرگەن يېرىڭىز قەيەر؟»

**nerede.** z. قەيەردە، نەدە.

**nereden.** z. قەيەردىن، نەدىن.

**nereli.** s. قەيەرلىك، نەلىك:

«Siz nerelisiniz? سىز قەيەرلىك؟»

**nerenin.** z. قەيەرنىڭ، نەنىڭ:

«Bu at nerenin? بۇ ئات قەيەرنىڭ؟»

**neresi.** z. نەسى، نەرى، قايېرى:

«Bunun neresi güzel? بۇ يەرنىڭ نەرى چىرايلىق؟»

**nereye?** قەيەرگە؟ نەگە؟

**nergis.** is. far. ① نەركەس (گۈل). ② گۈزەلنىڭ كۆزى.

**neriman.** is. s. far. ① پالۋان. ② قەھرىمان، جەسۇر. ③ ئايال ئىسمى (نەرىمان).

**nerimani.** is. ① پالۋانلىق. ② قەھرىمانلىق، جەسۇرلۇق.

**nermi.** is. far. ① مۇلايىملىق، ياۋاشلىق. ② ئەر ئىسمى (نەرمى).

**nermin.** s. far. ① مۇلايىم، ياۋاش،

نازۇك. ② ئايال ئىسمى (نەرمىن).

**nermiyet.** is. مۇلايىملىق، ياۋاشلىق.

**nermilgâm.** s. ① شاش ئەمەس ياۋاش ئات. ② ئىتائەتچان، گەپ ئاڭلايدىغان.

**nesaic.** is. ar. توقۇلما نەرسىلەر، رەخت.

**nesaik.** is. ar. قىلىنغان قۇربانلىق.

**nesaim.** is. ar. ئاستا چىققان شامال.

**nesak.** is. ar. ① تەرتىپ، شەكىل، ئۇسلۇب. ② تىزىق (تەسۋى ياكى ئۈنچە ـ مەرۋايىت ھەققىدە).

**neseme.** is. ar. ① نەپەس ئېلىپ بېرىش. ② ئاستا چىققان (بىلىنەر ـ بىلىنمەس) شامال. ③ جان، روھ. ④ ئازاد قىلىش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان قۇل.

**nesep,– bi.** is. ar. ① نەسەب، شەجەرە. ② ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى.

**nesf.** is. ar. ① يىقىتىش، ئۆرۈش، بۇزۇش. ② ئۇۋۇتۇش، ئۇششاقلاش.

**nesi.** s. ar. ئۇنتۇغاق.

**nesib.** s. ar. ① نوپۇزلۇق، تېگى ساپ (نەسىل جەھەتتە). ② قەسىدىنىڭ كىرىش قىسمى. ③ ئەر ئىسمى (نەسىب).

**nesice.** is. ar. توقۇلغان نەرسىلەر، توقۇلما (ئاناتومىيىدە).

**nesik.** is. ar. ① ئالتۇن. ② كۈمۈش.

**nesike.** is. ar. ① ھەق يولىدا قىلىنغان قۇربانلىق. ② قېلىپقا تۆكۈلگەن ئالتۇن ياكى كۈمۈش.

**nesil, nesl.** is. ar. ① تەگتۈش، دېمەتلىك، قۇرداش. ② نەسىل، نەسەب، سۇلالە.

**nesim.** is. ar. ① ئاستا چىققان يۇمشاق شامال. ② ئەر ئىسمى (نەسىم).

**nesimi.** s. ① يەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ② ئەر ئىسمى (نەسىمى).

**nesir, – sri.** is. ar. نەسىر (شېئىر شەكلىدە يېزىلمىغان)، چاچما، پىروزا.

**nesis.** is. ar. ① ئېچىرقىماق. ② ئەڭ ئاخىرقى تاقەت. ③ ئاخىرقى نەپەس.

**nesme.** is. ar. ① نەپەس، روھ. ② دەم ئېلىش، ③ شامالنىڭ ئاستا چىقىشى.

**nesnas.** is. ar. ① ئادەم قىياپىتىدە بىر پۇتلۇق، بىر كۆزلۈك ۋە سەكرەپ ماڭىدىغان مەخلۇق. ② گورىللا، شىمپەنزە، ئورانگۇتانغا ئوخشاش مايمۇن تۈرى.

**nesne.** is. ① مەۋجۇدات، شەيئى. ② (گراماتىكىدا) ھېچ نەرسە. ③ تاشقى دۇنيا.

**nesnel.** s. ئوبيېكتىپ.

**nesnelcilik, – ği.** is. ئوبيېكتچىلىك.

**nesnellik, – ği.** ئوبيېكتىلىق.

**nessab.** is. ar. ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ، ھۆكۈمدارلارنىڭ بولۇپمۇ ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى تارىخچى.

**nessac.** is. ar. ① توقۇمىچى. ② يالغانچى.

**nessar.** s. ar. چاچىدىغان، تارقىتىدىغان.

**nesturi.** is. نىستورىئان دىنى.

**nesy.** s. is. ar. ① ئۇنتۇلغان. ② ئۇنتۇش.

**~ en mensiyyen.** پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان.

**neşaid.** is. ar. ① شېئىرلەر. ② ماقال ـ تەمسىل تۈسىنى ئالغان قوشاق ۋە بېيىتلار.

**neşat, – tı.** is. ar. خۇشاللىق، شاد ـ خۇراملىق.

**neşatlı.** s. خۇشال، شاد ـ خۇرام.

**neşe.** is. ① خۇشاللىق، كۆڭۈل خۇشلۇقى،

«Çocuğun neşesini kırmayin — بالىنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزماڭ.» ② يېگىدىن مەيدانغا كەلمەك. ③ شىركەيپلىك. ④ ئايال ئىسمى (نەشئە).

~ si yerinde. كەيپى جايىدا.

**neşelendirmek.** ① خۇش قىلماق، شادلاندۇرماق، كۆڭلىنى خۇش قىلماق. ② شىركەيپ قىلماق.

**neşelenmek.** ① خۇشال بولماق، كۆڭلى خۇش بولماق.

**neşeli.** s. ① خۇشلۇق. ② تېز سۈرئەت.

**neşesiz.** s. خاپا، كەيپى جايىدا بولمىغان.

**neşesizlik, — ği.** is. خاپىلىق.

**neşet, — ti.** is. ar. ① چىقىش، مەيدانغا كېلىش. ② مەنبە بولماق. ③ ئەر ئىسمى (نەشئەت).

**neş[1] etli.** s. پۈتتۈرۈش، تۈگىتىش (مەكتەپنى، ئوقۇشنى).

**neşide.** is. ar. ① شېئىر، نەزم. ② ماقال - تەمسىل ھالىغا كەلگەن مىسرا، بېيىت.

**neşir, — şri.** is. ar. ① بېسىش، تارقىتىش. ② قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ باشقىدىن تىرىلىشى:

«Sözlüğün çabuk neşrini istedi — سۆزلۈكنىڭ تېز بېسىلىشىنى تەلەپ قىلدى.»

**neşredilmek.** نەشىر قىلىنماق، بېسىلماق، تارقىتىلماق.

**neşr. etmek.** ① نەشىر قىلماق، باسماق. ② تارقاتماق.

**neşriyat,— tı.** is. ar. ① بېسىلغان، نەشىر قىلىنغان، ئەسەرلەر، ماقالىلەر. ② چېچىش، تارقىتىش:

«Bu çiçek güzel koku neşrediyor — «بۇ گۈل گۈزەل پۇراق چاچىدۇ.

**neşşaf.** s. ar. ئىچىۋالىدىغان، سۈمۈرۈۋالىدىغان.

~ **kağıt.** قۇرۇتۇش قەغىزى (سىياھنى).

**neşter.** is. far. ① قان ئېلىش، چېچەك سېلىش، يارىنى يېرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان دوختۇر ئەسۋابى. ② كىچىك قاساپ پىچىقى.

**neşur.** s. ar. كۆپ تارقاتقان، كۆپ يايغان.

**neşüküfte.** s. far. غۇنچە.

**neşv.** is. ar. بىر نەرسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ چوڭىيىشى، بوي تارتىشى.

**neşvan.** s. ar. ① مەست بولغۇچى. ② بەك خۇشلۇقىدىن مەست بولۇپ كەتكەن.

**neşvü. name.** is. ar. ئۆسۈپ چوڭىيىش، يېتىلىش.

**net[1], — ti.** is. fr. ① ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنىدىغان نەرسە. ② ساپ، پۈتۈن (رەقەم). ③ ياخشى كۆرۈنىدىغان (نەرسە). ④ ئوپئوچۇق، ئاپئاشكارا:

«Bu fotograf hiç te net değil — بۇ رەسىم ھېچ ئېنىق ئەمەس.

Ayda net iki yüz yuan — ئايدا ساپ ئىككى يۈز يۈەن.»

**net[2].** s. ing. - چېيىلا توپ، تىكتاك - توپ ئويۇنلىرىدا تورنىڭ سېتكىغا تېگىپ قارشى تەرەپكە ئۆتمىگەندە تەكرار ئورۇلۇشى.

**neta.** s. it. ① پاكىز، ② بىخەتەر (يەر).

**netameli.** s. ① خەتەرلىك. ② پات پات قازاغا يولۇقىدىغان:

«Orası netameli bir yerdir — ئۇ خەتەرلىك بىر يەر.

Netameli çocuk — بالاغا ئۇچراپلا تۇرىدىغان بالا.»

**netekim.** is. → **Nitekim.**
**netice.** is. ① ئاقىۋەت، بىر ئىشنىڭ ئاخىرى. ② خۇلاسە، يەكۇن. ③ مەھسۇل.
**neticelendirmek.** نەتىجىگە ئېرىشتۈر- مەك.
**neticesiz.** s. نەتىجىسىز، ئاخىرىغا ئېرىشەلمىگەن.
**neva.** is. far. ① ئاۋاز، ئاھاڭ، نەغمە. ② راھەت. ③ بايلىق.
**nevabız.** is. ar. قان تومۇرلىرى، قىزىل قان تومۇرى.
**nevabit.** is. ar. يەردىن ئۈنۈپ چىققان نەرسىلەر.
**nevaciz.** is. ar. ئېغىز چىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى تۆتجۈپ چىش (ئاستى-ئۈستى).
**nevad.** is. far. ① يەر ئاستى ئامبار. ② تىل. ③ زىيان - زەخمەت، زەرەر.
**nevade.** is. ar. نەۋرە.
**nevadi.** is. ar. يىغىن، مەجلىس.
**nevadir.** is. ar. ئاز ۋە شالاڭ ئۇچ- رايدىغان نەرسىلەر.
**nevafil.** is. ar. پەرز ۋە ۋاجىپ بول- مىغان ئارتۇق ئىبادەتلەر.
**nevahi.** is. ar. چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر.
**nevaib.** is. ar. بالا، مۇسىبەت.
**nevair.** is. ar. ئوت، يالقۇن، يانغىن.
**navakis.** is. ar. كەمچىلىكلەر، يېتىش- سىزلىكلەر، نۇقسانلار..
**navaksi.** is. ar. چېركاۋدا چېلىنىدى- غان قوڭغۇراق ئاۋازلىرى، چاڭلار.
**neval.** is. ar. ① تەلەي، قىسمەت، تەقدىر. ② ئېھسان، ياخشىلىق. ③ ئايال ئىسمى.
**nevale.** is. ar. ① يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇق. ② ئېھسان، ياخشىلىق. ③ تە- لەي، قىسمەت.
**nevan.** z. ar. ① تۈر ۋە جىنس جە- ھەتتىن. ② بىرئاز، ئاز مىقداردا.
**nevarus.** is. far. يېڭى كېلىن.
**nevarusan.** is. يېڭى كېلىنلەر.
**nevat.** is. ar. ① خورما ئۇرۇقچىسى. ② مېغىز. ③ مېغىز شەكلىدىكى نەرسە.
**nevati.** is. yun. كېمىچىلەر.
**nevazil.** is. ar. ① ۋەقەلەر، ھادىسى- لەر. ② بالا - قازالار. ③ زۇكام.
**nevbahar.** is. far. ① باھار، ئەتىياز. ② بىرخىل قەدىمىي تۈرك مۇقامى.
**nevber.** is. far. ① بالدۇر پىشىدى- غان مېۋە ياكى كۆكتات. ② بويىغا يەت- كەن قىز.
**nevbet,–ti.** is. ar. ① نۆۋەت. ② بىر خىل دىنىي مۇراسىم. ③ قەدىمىي ھەربىي مۇزىكا.
**nevcivan.** s. far. ياش يىگىت.
**neve.** is. far. نەۋرە.
**neved.** s. far. توقسان (90).
**neveda.** is. far. ① يېڭى ئۇسلۇب، يېڭى مودا، يېڭى شەكىل. ② تۈرك مۇ- زىكىسىدا بىرخىل مۇقام.
**nevend, nevende.** is. far. ① چاپ- قۇر ئات، يۈگۈرۈك ئات. ② پوچتالىيون، ئاتلىق پوچتالىيون.
**nevfel.** is. ar. ① دېڭىز. ② لەيلى - مەجنۇن داستانىدا مۇجنۇننىڭ ئېتى.
**nevh.** is. ar. ① ئۆلۈكنىڭ ئارقىسى- دىن يىغلاش. ② (كەپتەر) دەم تۇتۇش، ئۈتكەش.
**nevha.** is. ئۆلۈكنىڭ ئارقىسىدىن ئاتتىق يىغلاش.

**~etmek.** قاتتىق يىغلىماق.

**nevhiz.** s. far. يېڭى يېتىشكەن، يې- ڭى چىققان، يېڭى ئۆسكەن.

**nevi.** is. يېڭىلىق.

**nevi, — ii.** is. ar. جىنس، تۈر، خىل.

**nevin.** is. far. ① يېڭى، يېپيېڭى، ② ئايال ئىسمى.

**nevir, — vri.** is. ar. يۈزنىڭ رەڭگى.

**nevk.** is. far. ① نەرسىنىڭ ئۇچى. ② قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى. ③ كىرپىك- نىڭ ئۇچى.

**nevl.** is. yun. ① كېمە كىراسى. ② يۈك توشۇغۇچىلار تۆلەيدىغان پاراخوت كىرا پۇلى. ③ ھەدىيە.

**nevm.** is. ar. ① ئۇيقۇ. ② چۈش.

**nevmit.** s. far. ئۈمىدسىز، چارىسىز.

**nevniyaz.** s. far. بىر ئىشقا يېڭى كىرىشكەن، شاگىرت.

**nevr¹.** is. ar ① يورۇقلۇق، پارلاقلىق، ② گۈل (بولۇپمۇ ئاق گۈل).

**nevr².** is. «ئاچچىقلانماق» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

**nevralji.** is. fr. نېرۋا ئاغرىقى، مېڭە ئاغرىقى.

**nevres.** s. far. ① يېڭى يېتىشكەن، يېڭى ئۆسكەن، ياش. ② ئەر ۋە ئايال ئىسمى.

**nevropat, — ti.** s. yun. نېرۋا ئاغرىقى.

**nevruz.** is. far. نورۇز (ئىران كالېن- دارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ ۋە باھار- نىڭ باشلانغان كۈنى — 22 . مارت).

**nevruziye.** is. far. ① نورۇز كۈنى بېرىلىدىغان ھەدىيە. ② نورۇزغا بېغىش- لانغان شېئىر. ③ نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىنغان مەجۇن. ④ خۇش پۇراق بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

**nevsale.** s. far. ① يېڭى، ياش. ② يېشى كىچىك.

**nevsefer.** s. far. ar. تۇنجى سەپەرگە چىقىش.

**nevşah.** is. far. ① يېڭى چىققان شاخ. ② بوغىنىنىڭ يېڭى چىققان مۇڭگۈزى.

**nevşüküfte.** s. far. يېڭى ئېچىلغان (گۈل).

**nevvab.** is. ar. ① ھىندىستاننىڭ مۇسۇلمان رايونىدا، تۆمۈر سۇلتانلىق سارىيىدا تۇرىدىغان ۋالىي ياكى قوماندان. ② XVIII ئەسىردە ھىندىستاندىن كۆپلىگەن مۈلۈك بىلەن ئەنگلىيىگە قايتقان كىشىگە بېرىلگەن نام. ③ ئامېرىكىدا چوڭ دېھقانچىلىق مەيدان ئىگىسى. ④ مەئىشەتلىك ۋە باي تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەرگە بېرىلگەن نام.

**nevzat veya nevzad.** s. ① يېڭى تۇغۇلغان (بوۋاق). ② ئەر ئىسمى (نەۋزات).

**nevzemin.** s. far. يېڭى مودا، يېڭى ئۇسۇل.

**nevzuhur.** s. osm. يېڭى، ئوتتۇرىغا يېڭى چىققان.

**ney.** is. far. ① نەي (ساز). ② قومۇش.

**ney.** s. ar. خام، پىشمىغان.

**neyçe.** is. far. ① نەيچە (كىچىك نەي). ② توقۇمىچىلار قوللىنىدىغان كىچىك قومۇش.

**neye.** z. → **Niye.**

**neyelân.** is. ar. مەقسىتىگە ئېرىشىش، مۇرادىغا يېتىش.

**neyiz.** s. ar. ① ئايدىڭ، يورۇق.

② يورۇقلۇق بەرگۈچى جىسىم. ② ئەر-ئايال ئىسمى (نەيىر).

**neyl.** is. ar. ئىزدىگەن نەرسىگە ئېرىشمەك، مۇرادىغا يەتمەك.

**neyşeker.** is. far. شېكەر قومۇشى.

**neytal.** is. ar. پالاكەت، بالا، مۇسىبەت، تەلەيسىزلىك.

**neyzen, nayzen.** is. far. نەيچى: «Neyzen Mümin — نەيچى مۆمىن.»

**nezafet, – ti.** is. ar. پاكىزلىق، پاكلىق.

**nezahet, – ti.** is. ar. ① پاكلىق، ئەخلاق پاكلىقى. ② ئايال ئىسمى (نەزاھەت).

**nezahetli.** s. ar. پاكىز، پاك.

**nezaket.** is. far. ① نازۇكلۇك. ② ئەدەب، تەربىيە.

**nezaketli.** s. ① تەربىيىلىك. ② نازۇك.

**nezaketsiz.** s. ① تەربىيىسىز، ئەدەبسىز. ② قوپال.

**nezaketsizlik, – ği.** is. تەربىيىسىزلىك، قوپاللىق، بىئەدەبلىك، ئەدەبسىزلىك.

**nezare.** is. ar. قاراش، سەير قىلىش.

**nezaret . ti.** is. ar. ① نازارەت. ② تىزگىنلەش. ③ مەنزىرە. ④ ئىدارە، رەھبەر. ⑤ مىنىستىرلىك.

**nezd.etmek.** قايتۇرۇۋالماق، تارتىۋالماق: «Bu hakkı benden nezdedemezsiniz — بۇ ھوقۇقنى مەندىن تارتىۋالالمايسىز.»

**nezdik.** s. far. يېقىن.

**~olmak.** يېقىنلاشماق.

**nezevan.** is. ar. سەكرىمەك.

**nezf, nezif.** is. ar. ① قۇدۇقنىڭ سۈيىنى بوشاتماق، ئىشلىتىپ تۈگەتمەك. ② قانىماق، قانسىزلىقتىن ھوشىدىن كەتمەك.

**nezh.** is. ar. ① پاكىزلىك. ② مەسۇملۇق.

**nezif.** s. ar. قانسىراپ ھالسىزلىنىش.

**nezih.** s. ar. ① پاك، ساپ، داغسىز، مەسۇم. ② راھەت ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان. ③ كېلىشكەن، چىرايلىق. ④ ئەر ئىسمى (نەزىخ).

**nezil**[1]. s. ar. پەس، پەسكەش.

**nezil**[2]. is. ar. ① مېھمان. ② يات، چەت ئەللىك.

**nezir, – zri.** is. ar. نەزىر.

**nezle.** is. ar. زۇكام.

**nezr.** is. → **Nezir.**

**nezr . etmek.** ar. نەزىر قىلماق، نەزىر بەرمەك، ئاتىماق.

**nezzam.** s. ar. رەتكە سالغۇچى، رەتلىگۈچى.

**nezzare.** s. ar. سەير قىلغۇچى، بىر نەرسىگە دىققەت بىلەن قارىغۇچى.

**nesaf.** is. ar. بىر نەرسىنى تەڭ قىلىپ ئىككىگە بۆلمەك.

**nısfet, nasfet, nasafet.** is. ar. ئىنساپ، ھەققانىيەت.

**nısfin . nehar.** is. ar. ① چۈش ۋاقتى. ② مېرىدىئان.

**nısfiye.** is. ar. ① زىننەت ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تەڭگە، سەدەپ. ② قىسقا نەي.

**nısfiyet, – ti.** is. ar. يېرىم، يېرىملىق.

**nısif, – sfı.** s. is. ar. يېرىم.

**nışadır, nişadir.** is. far. نۈشۈدۈر.

**nışadır . kaymağı.** is. kim. ئاممىياك كاربونات.

**niac.** is. ar. ساغلىق قوي.

**niâl.** is. ar. ① ئاياغ كىيىملەر. ② ناھال. ③ ئەڭ تۆۋەينى.

**niam.** is. ar. نېمەتلەر.

**nibah.** is. ar. ① ئىتنىڭ ھاۋشۇشى. ② يىلاننىڭ كۈشكۈرۈشى.

**nibal.** is. ar. ئوق (ئوقيانىڭ).

**nicad.** is. ar. چاپراس ئېسىلغان نەرسە.

**nicar.** is. ar. يىلتىز، تۈپ، ئاساس، مەنبە.

**nice.** z. ① قانچە، قانچىلىك. ② بەك كۆپ، بەك جىق، بەك تولا، بەك نۇرغۇن. ③ قانداق. ④ قايسى، نېمە.

**~senelere.** تۇغۇلغان كۈنى ياكى يىلىنىڭ بېشىدا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش يۈزىسىدىن سۆزلىنىدىغان تەبرىك سۆز.

**nicenice.** s. كۆپ، جىق، نۇرغۇن ،تولا.

**nicelik, — ği.** is. ① بىر نەرسىنىڭ سانى، مىقدار جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. ② كۆپلۈك مىقدار:

«Nicelikten niteliğe önem verilmeli- سانىغا كۆرە، سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.»

**niçin.** z. نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا:

«Buraya niçin geldiniz? بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟»

**nida.** is. ar. ① ۋارقىراش، توۋلاش. ② ئۈندەش (گرامماتىكىدا). ③ ئەر ۋە ئايال ئىسمى:

«Nida işareti — ئۈندەش بەلگىسى.»

**nifak, — kı.** is. ar. ① سوغۇقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق. ② ئىككى يۈزلىمىلىك. ③ كۆرۈنۈشى مۇسۇلمان، ئەسلى كاپىر:

«Aralarına nifak düştü — ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى.»

**nifakçı.** is. s. ئوتتۇرىغا سوغۇقچىلىق سالغۇچى.

**nifar.** is. ar. ① ئۈركۈش، چۆچۈش، قورقۇش. ② نەپرەتنى ئىپادىلەش.

**nifas.** is. ar. يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال.

**nigâh.** is. far. قاراش، بېقىش.

**nigâhben.** is. s. far. مۇھاپىزەتچى، كۈزەتچى.

**nigâhdar,nigehdar.** is. s. far. ① كۈزەتچى. ② قوغدىغۇچى.

**nigâr.** is. far. ① سۈرەت. ② سۈرەتتەك چىرايلىق، سۆيۈملۈك. ③ گۈزەل. ④ ئايال ئىسمى (نىگار).

**nigarende.** is. far. رەسسام.

**nigâr . hane.** is. far. ① ھەيكەل ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى. ② رەسسام ياكى ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئىشخانىسى. ③ بۇتخانا.

**nigarin.** is. far. ① سۈرەتتەك چىرايلىق، سۆيۈملۈك. ② s. رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن.

**nigaristan.** is. far. ① رەسىم ۋە ھەيكەل كۆرگەزمىسى. ② بۇتخانا.

**nigâriş.** is. far. رەسىم سىزىش.

**nigin.** is. far. ① ئۈزۈك، ئۈزۈك كۆزى. ② مۆھۈرلۈك ئۈزۈك.

**nigü.** s. far. ياخشى، گۈزەل.

**nigün.** s. far. ① ئەكسىگە قايتقان. ② ئاستىن - ئۈستۈن بولغان. ③ تەتۈر، ئەكس، تەلەيسىز. ④ ئاسمان بوشلۇقى.

**nigüyi, niküyi.** is. ياخشىلىق، گۈزەللىك، خۇشلۇق.

**nihab.** is. ar. بۇلاڭ - تالاڭ.

**nihad.** is. far. ① خۇي، مىجەز، تەبىئەت. ② ئەر ئىسمى (نىھاد).

**nihaf.** is. ar. ئاجىزلار، زەئىپلەر.

**nihai.** s. ar. بىر ئىشنىڭ ئاخىرى، تۈگەنچىسى.: «Nihai savaş — ئاخىرقى ئۇرۇش.»

**nihal.** is. far. ① يېڭى كۆچەت. ② زىلۋا بويلۇق مەھبۇبە. ③ ئايال ئىسمى (نهال).

**nihalân.** is. كۆچەت (كۆپلۈك).

**nihale.** is. far. ① داستىخاندا كورا قاتارلىق قىزىق نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان نەرسە. ② يېڭى ئۆسۈۋاتقان كۆچەت، مايسا. ③ ئوۋچىلار قېزىپ قويغان ئويمان، ياساپ قويغان تام - توسۇق.

**nihali.** is. far. ① داستىخاندا كورا قاتارلىق قىزىق نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان نەرسە. ② گىلەم.

**nihaliçe.** is. مەرۇزە، كىچىك گىلەم.

**nihalistan.** is. far. كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان يەر، كۆچەتزارلىق.

**nihan.** s. far. ① يوشۇرۇن. ② كۆرۈنمەيدىغان. ③ is. سىر. ④ ئايال ئىسمى. (نهان).

**nihan.hane.** is. far. ①يوشۇرۇنۇشقا بولىدىغان يەر. ② غار، ئۆڭكۈر. ③گەمە. ④ قەلئە، ساراي ۋە مېھمانخانىلاردا مەخپىي ئۆيلەر.

**nihayet, — ti.** is. ar. ① ئاقىۋەت، ئاخىرى. ② z. ئەڭ ئاخىرىدا: «Nihayet gele bildinz — ئىش قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا كېلەلىدىڭىز.»

**~derecede.** ئاخىرقى دەرىجىدە.

**~vermek.** تۈگەتمەك، پۈتتۈرمەك.

**nihayetlenmek.** تۈگىمەك، ئاخىرىغا يەتمەك، نەتىجىلەنمەك.

**nihayetsiz.** s. ① چەكسىز، بىپايان، ئاخىرى يوق. ② تۈگىمەيدىغان، ناھايىتى جىق.

**nihilizm.** is. fr. نىگىلىزم (① ھەرنەرسىنى ئىنكار قىلىش. ② ئىجتىمائىي ئۆرپ ئادەتلەرگە قارشى تۇتۇلغان تەنقىدىي مەۋقە. ③ روسىيەدە ئالېكساندىر II زامانىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا راۋاجلانغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت.)

**nihle.** is. ar. دىنىي مەزھەپ.

**nihrir.** is. تەجرىبىلىك، بىلىملىك.

**nijad,nejad.** is. ar. ①نەسىل. ②خۇي، يارىتىلىش. ③ ئەر ئىسمى (نجات).

**nik.** s. far. ① ياخشى، گۈزەل.

**nika.** is. ar. پاك ئادەملەر.

**nikâb.** is. far. قۇشچىلارنىڭ پەلىيى.

**nikabet,nakabet.** is. ar. ① رەئىسلىك، باشلىقلىق. ② ۋەكىللىك. ③ ئىبادەتخانىلاردا پېشقەدەم دەرۋىش.

**nikâbet.** is. ar. شامالنىڭ تەتۈر چىقىشى.

**nikâh.** is. ar. ① نىكاھ. ② تويلۇق پۇل.

**nikâhlamak.** ① ئۆيلەنمەك. ② نىكاھ ئوقۇماق.

**nikâhlanmak.** نىكاھلانماق: «Kasımın sekizinde nikâhlandılar — 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى توي بولغان.»

**nikâhlı.** s. is. نىكاھلىق، تۇرمۇشلۇق، ئۆي - ۋاقىلىق.

**nikâhsiz.** s. نىكاھسىز.

**nikân.** is. ياخشىلار، ياخشى ئادەملەر.

**nikap,nikab.** is. ar. نىقاب، چۈمبەل پەردە.

**nikaplı.** s. چۈمپەردىلىك.

**nikât.** is. ar. ① چۈشىنىلىشى قىيىن مەنە. ② نەپىس - پاساھەتلىك سۆز.

**nikâyet.** is. ar. دۈشمەننى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈش.

**nikbet, nakbet.** is. ar. ① چۈشكۈنلۈك، تەلەيسىزلىك. ② پالاكەت.

**nikbin.** s. far. ئۈمىدۋار.

**nikel.** is. alm. نىكېل (ئېرىشى قىيىن، ھاۋادا ئۆزگەرمەيدىغان كۈمۈشسىمان ئاق، قاتتىق مېتال).

**nikelâj.** is. fr. نىكىللىماق، نىكىل قاپلىماق.

**niki.** is. ياخشىلىق.

**niklozamid.** is. fr. مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدىغان دورا.

**nikotin.** is. fr. نىكوتىن (تاماكا تەركىبىدە بولىدىغان، نېرۋا سىستېمىسىنى بۇزىدىغان).

**niktalji.** is. fr. يالغۇز كېچىسى ئاغرىيدىغان ئاغرىق.

**niktalopı.** s. is. fr. نامازشام قارىغۇسى.

**nikter.** s. far. بەك ياخشى.

**nikterin.** s. ھەممىدىن ياخشى.

**niktofilıl,** is. fr. قاراڭغۇلۇقتىن خۇشلىنىدىغان.

**niktofobi.** is. fr. قاراڭغۇلۇقتىن ۋە يا كېچىدىن ھەددىدىن زىيادە قورقۇش، قاراڭغۇلۇق قورقۇنچىسى.

**niktofoni.** is. fr. ئىستېرىيە (قورقاقلىق كېسىلى) تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان، ئۈستىن ئاۋاز بىلەن سۆزلىشەلمەيدىغان كېسەللىك.

**niktüri.** is. fr. كېچىلىرى پات - پات كىچىك تەرەت قىلىش ياكى شېكەر كېسىلىنىڭ بەلگىسى.

**nikz.** is. ar. بىنالار خارابىسى، يىقىـ
لىپ چۈشكەن نەرسىلەر.

**nil·** is. far. ① قارا كۆك، نىل رەڭ. ② ئۇسما.

**nilgûn, nilgün.** s. far. ① ئۇسما رەڭگىدە، قارا كۆك. ② ئايال ئىسمى.

**nilüfer.** is. far. ① نىلۇفەر. ② ئايال ئىسمى (نىلوفەر).

**nim.** is. far. يېرىم: «Uygur şairi Nim şehit — «ئۇيغۇر شائىرى نىمشەھىت.»

**nimbüs.** is. lat. يامغۇر بۇلۇتى، قارا بۇلۇت.

**nime¹.** s. far. يېرىم.

**nime².** نىمدېگەن چىرايلىق، نىمدېگەن ياخشى.

**nimet, — ti.** is. ar. ① ياخشىلىق، ئېھسان. ② ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر. ③ يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەر، رىزىق. ④ ئايال ئىسمى.

**nimetşinas.** s. ar. قىلىنغان ياخشىلىقنى بىلىدىغان، ياخشىلىقنى ئۇنۇتمايدىغان.

**nimr·** is. ar. يولۋاس.

**nine.** is. ① موما. ② ياشانغان ئاياللارغا قارىتا ھۆرمەت سۆزى.

**ninni.** is. ئەللەي ناخشىسى.

**niran.** is. ar. ① ئوت. ② جەھەننەم، دوزاخ.

**nirene,neyrene.** is. far. ①ئەپسۇن، سېھىر. ② ھىيلە - مىكىر. ③ رەسىم،سۈرەت.

**niru.** is. far. قۇۋۋەت، كۈچ.

**nirumend.** s. far. قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك.

**nisa.** is. ar. ئاياللار، خوتۇنلار.

**nisaî·** s. ar. ئاياللار كېسەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**nisaiye.** is. ar. ئاياللار كېسەللىكى.

**nisaiyeci.** is. s. ar. ئاياللار كېسەللىكى دوختۇرى.

**nisan.** is. ئاپرېل، 4 - ئاي.

**~balığı.** 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىلىنغان ئالداش.

**nisap, – bı.** is. ar. ① دەرىجە، نىسبەت. ② ئەسلى ئېلېمېنت، ئاساس. ③سەرمايە.

**nisbet.** is. → **Nispet.**

**nispet, – ti.** is. ar. نىسبەت.

**nispeten.** z. ar. نىسبەتەن، قارىغاندا، سېلىشتۇرغاندا:

«Bu ötekindennispeten çok iyidir— بۇ ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ ياخشى.

Buğün hava nispeten iyi — بۈگۈن ھاۋا نىسبەتەن ياخشى.»

**nispi.** is. ar. ① نىسپىي. ② بۆرۈنقىسىغا قارىغاندا:

«Güzellik ve çirkinlik nispi özel-liklerdir — گۈزەللىك ۋە سەتلىك نىسپىي خۇسۇسىيەتلەردۇر.»

**nisti.** is. far. يوقلۇق.

**nisyan.** is. ar. ئۇنتۇش.

**niş[1].** is. far. ① ھەرە، چايان قاتارلىقلارنىڭ نەشتىرى. ② تىكەن. ③زەھەر.

**niş[2].** is. fr. نەرسىگە ئېچىلغان كۆز، ئويۇق:

«Tünel nişi — تونىللاردا ئىشلىگۈچى ئىشچىلارنىڭ پويىز ئۆتكەندە كىرىۋېلىشى ئۈچۈن ئويۇلغان ئويۇق، تونىل ئويۇقى.»

**nişaburek.** is.far. مۇشاۋىرەك مۇقامى.

**nişan.** is. ar. ① ئىشارەت، بەلگە، ئالامەت. ② ماقۇل چېيى، چوڭ چاي. ③ خاتىرە تاش. ④ يارا ئىزى.

**nişancı.** s. is. قارىغا ئالغۇچى، نىشانچى.

**nişande.** s. far. ① تىكىلگەن، تىك ھالغا كەلتۈرۈلگەن. ② نىشان ئۈچۈن تىكىلگەن.

**nişane.** is. far. ئىشارەت، بەلگە، نىشانە.

**nişangâh.** is. far. ①قارا (نىشانغا ئېلىنىدىغان). ② قورال - ياراقنىڭ قارىغا ئېلىش بەلگىسى.

**nişangir.** is. far. سىزغۇچ (ياغاچچىلارنىڭ).

**nişanlamak.** ① تويي قىلىشىدىغان بولۇپ ئۈزۈك تاقاشماق. ② نىشانغا ئالماق.

**nişanlı.** s. ① تويي قىلىشقا ۋەدىلىشىپ قويغان (قىز ياكى يىگىت). ②بەلگىسى بولغان.

**nişansız.** s. ① ئىشارەت بەلگىسى بولمىغان. ② مېدالسىز، ئوردېنسىز.

**nişasta.** is. far. كراخمال.

**nişest.** is. far. ئولتۇرۇش.

**nişeste.** is. far. ① ئولتۇرغان. ② قورۇقلۇقتا چىققان (كېمە).

**nişib.** is. far. ئېگىش، تۆۋەن يەر، ئېگىزدىن پەسكە چۈشىدىغان يەر.

**nişimen.** is. far. ① ئولتۇرىدىغان يەر. ② يىغىن مەيدانى، مەجلىسخانا.

**nişter.** is. far. نەشتەر.

**nitac.** is. ar. تۇغۇش، تۇغماق (ھايۋان).

**nitaf.** is. ar. پاكىز سۇلار.

**nitah.** is. ar. ئۈسمەك (مۈڭگۈز بىلەن).

**nitak.** is. ar. ① كەمەر، بەلباغ. ② پەشتىمال.

**nite.** z. «قانداق؟ نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن

مەندە قوللىنىلىدۇ.

**nitekim, netekim.** ئەمەلىيەتتە، ھەقىـ
قەتەن:
«Ben göremedim, nitekim Sizde görmüş değilsiniz — مەن
كۆرەلمىدىم، ئەمەلىيەتتە سىزمۇ كۆرەلـ
مىگەنسىز.»

**nitelemek.** بىر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى
كۆرسەتمەك، ھېسابلىماق، تونۇماق، باھا
بەرمەك:
«Çalışmalarımızı dört modernleşmeye büyük katkı olarak nitelendirdiler — خىزمەتلىرىمىزنى تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوشۇلغان چوڭ
تۆھپە دەپ قارىدى.»

**nitelik, – ği.** is. ① ماھىيىتىنى ئىپا-
دىلەيدىغان ئالاھىدىلىك، خاراكتېر،
خۇسۇسىيەت:
«Ağırlık – cisimlerin bir niteliğidir — ئېغىرلىق جىسىملارنىڭ
خۇسۇسىيىتىدۇر.
Niteliği iyi bir kumaş — سۈپىتى
ياخشى رەخت.»

**nivar.** is. far. يەر بىلەن ئاسمان
ئوتتۇرىسى.

**nive.** is. far. يىغلاش، ئىڭراش.

**nivend.** is. far. ئەقىل، ئىدراك.

**niver.** is. far. يېزز بەرگەن پۈتۈن
ۋەقەلەر.

**niya.** is. far. چوڭ دادا، بوۋا.

**niyab.** is. ئېغىز چىش.

**niyabet, – ti.** is. ar. ① ۋەكالەت،
ۋەكىللىك. ② بىرىنىڭ ئورنىدا ۋاقىتلىق
ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرۇش.

**~ etmek.** ۋەكىللىك قىلماق.

**niyah.** is. ar. مەرسىيە.

**niyam[1].** is. ar. ئۇخلاۋاتقانلار.

**niyam[2].** is. far. قىلىچنىڭ قىنى.

**niyamger.** is. قىن، غىلاپ ياسىغۇچى
ئۇستا.

**niyar.** is. ar. ئوت، چوغ.

**niyaz.** is. far. ① يالۋۇرۇش، ئىلتىـ
ماس. ② موھتاج، ئېھتىياج. ③ دۇئا، تىلەك.

**~ etmek.** يالۋۇرماق، تىلىمەك.

**niye, neye.** z. نېمىگە، نېمىشقا، نېمە
ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن:
«Niye doğrusunu söylemiyorsun? — نېمىشقا راستىنى سۆزلىمەيسەن؟»

**niyet, – ti.** is. ar. ① ئوي، پىكىر،
مەقسەت، غايە. ② پال قەغىزى. ③
ناماز ئوقۇش ياكى روزا تۇتۇشنى
قارار قىلغانلىق:
«Yarın gitmeye niyet ediyorum — ئەتە بېرىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن.
Niyet ettim, oruç tutmaya — روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلدىم.»

**niyetlenmek.** ① نىيەت قىلماق،
ئويلىماق. ② روزا تۇتۇشقا بەل باغلىماق.

**niyetli.** s. ① نىيەت قىلغۇچى. ② روزا
تۇتۇشقا نىيەت قىلغۇچى.

**niza.** is. ar. جېدەل، غوۋغا، ماجىرا،
تالاش ـ تارتىش.

**nizaci.** s. is. جېدەلخور، تالاش ـ
تارتىش قىلغۇچى.

**nizam.** is. ar. ① ئۇسۇل، قائىدە. ②
قانۇن. ③ تەرتىپ، رەت. ④ تەرتىپكە
سالغۇچى. ⑤ ئەر ئىسمى (نىزام).

**nizami.** s. ar. ① ئۇسۇل ـ قائىدىگە
مۇناسىۋەتلىك. ② تەرتىپلىك، رەتلىك.
③ قانۇن ۋە نىزامغا ئۇيغۇن.

**nizam.name.** is. ar. نىزامنامە:

«Parti nizamnamesi — پارتىيە نىزامنامىسى.»

**nizamsiz.** s. ① تەرتىپسىز، رەتسىز. ② قانۇنغا خىلاپ.

**nizamsizlik, –ği.** is. ① تەرتىپسىزلىك، قالايمىقان. ② قانۇنسىزلىق.

**nizar.** is. far. زەئىپ، ئاجىز.

**nizasiz.** is. ئىختىلاپسىز، تالاش - تارتىشسىز، جېدەل - ماجىراسىز.

**nize.** is. far. نەيزە.

**nizedar.** s. نەيزىسى بار.

**nizek.** is. far. ① ئايال قۇل. ② كىچىك نەيزە.

**nobran.** s. ھەرىكىتى قوپال، توڭ:
«Nobran bir adam — قوپال ئادەم.»

**nobranlık.** is. قوپاللىق، توڭلۇق.

**noda.** is. توپىغا كۆمۈلگەن سامان دۆۋىسى.

**nodul.** is. ئۇچى ئۇچلۇق تاياق.

**nodullamak.** ① ھايۋانىنى ماڭغۇزماق ئۈچۈن ئۇچى ئۇچلۇق تاياق بىلەن سانجىماق. ② بىر ئىشنى مەجبۇرىي قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنماق.

**noel.** is. far. خرىستىئانلارنىڭ ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش بايرىمى.

**nohudi.** s. far. تۇتۇق سېرىق (رەڭ).

**nodut, –du.** is. far. نوقۇت (پۇرچاق).

**noksan.** is. ra. ① نۇقسان، كەمچىلىك، قۇسۇر. ② يوقلۇق. ③ s. ئەيىبلىك.

**nokta.** is. ar. ① نۇقتا. ② كىچىك مەڭ، چېكىت، داغ. ③ يەر. ④ ئەھۋال، ۋەزىيەت. ⑤ دەرىجە. ⑥ يالغۇز پوس (كۆزەتچى):
«1·Harita üzerinde bir yeri bir nokta ile belirlemek — خەرىتىدە بىر يەرنى بىر نۇقتا بىلەن كۆرسەتمەك.
2· Hepsi bir noktada toplandılar— ھەممىسى بىر يەرگە توپلاندى.
3· Meselenin en yüksek noktasına varmak — مەسىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە بارماق.
4· Orada polis noktası var — ئۇ يەردە ساقچى پوسى بار.»

**noktalamak.** ① چېكىت قويماق. ② كۆپ چېكىت بىلەن ئىشارەت بەرمەك.

**noktalı.** s. ① چېكىتلىك. ② ئۇششاق چېكىتلەر بىلەن سىزىلغان رەسىم.
**~harf·** چېكىتلىك ھەرپ.

**noktasız.** s. توچكىسىز، چېكىتسىز:
«Eski metinler noktasız, virgülsüz ve satır başısızdır — كونا يېزىقلار چېكىتسىز، پەشسىز ۋە قۇر بېشىسىز ئىدى.»

**noram.** is. fr. ① ھەرىكەت پرىنسىپى، قائىدىسى. ② قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ھال.

**normal, –li.** s. fr. تەبىئەت قانۇنلىرىغا ۋە قائىدىگە ئۇيغۇن، نورمال:
«Normal bir durum — نورمال ۋەزىيەت.»

**normalleşmek.** نورمال ھالغا كەلمەك:
«Iki ülke arasındaki ilişkiler normalleşti — ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نورمال ھالغا كەلدى.»

**normlu.** s. ئۆلچەملىك، ئۆلچەمگە ئۇيغۇن (لايىق).

**Norveç.** is. öz. نورۋېگىيە.

**nosyon.** is. fr. مەزمۇن، مەنە.

**not, –tu.** is. far. ① خاتىرە (يېزىق). ② باھا. ③ نومۇر (دەرس نومۇرى):

«1· Bunu not edin de unutmayın — بۇنى خاتىرە قىلىپ يېزىڭ، ئۇنتۇماڭ.
2· Bu haraketiniz size iyi not kazandırmaz — بۇ ھەرىكىتىڭىز سىزگە ياخشى باھا كەلتۈرمەس.
3· Sinavda iyi not aldı — ئىمتىھاندا ياخشى نومۇر ئالدى»

**nota¹.** is. it. نوتا (مۇزىكا ئەسىرى، تاۋۇش ۋە ئۇنىڭ گرافىك تەسۋىرى).

**nota².** is. it. نوتا (بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە يازغان رەسمىي دىپلوماتىك خېتى).

**notalamak.** نوتىغا ئالماق، نوتىلىماق.

**noter.** is. گۇۋاھلىق بەرگۈچى، گۇۋاھچى، شاھىت.

**noterlik, — ği** is. گۇۋاھلىق، شاھىتلىق.

**nöbet, — ti** is. ar. ① نۆۋەت. ② نۆۋەت بىلەن قىلىنىدىغان خىزمەت. ③ قېتىم، دورەم. ④ كېسەلنىڭ ھارارىتى ئاشماق، تىترىمەك. ⑤ گۈزەتچىلىك، پوستا تۇرۇش:
«1· Bu defa nöbet size — بۇ قېتىم نۆۋەت سىزگە.
2· Nobete çıkmak — نۆۋەتكە چىقماق.
3· Askeri kamp kapısında nöbet kaç saat sürüyor? ھەربىي لاگېرنىڭ ئىشىكىدە گۈزەتچىلىك قانچە سائەت بولىدۇ؟»

**nöbetçi** s. is. ① نۆۋەت كۈتكۈچى. ② نۆۋەتچى:
«Bugün okulda kim nöbetçi olacak? بۈگۈن مەكتەپتە كىم نۆۋەتچى بولىدۇ؟»

**nöbetçilik, — ği.** is. ① نۆۋەتچىلىك. ② گۈزەتچىلىك.

**nöbetleşe.** z. نۆۋەتلىشىپ، ئالمىشىپ:
«Şofüre lüzum yoktu, ikimiz nöbetleşe kullanırdık — شوپۇرغا ھاجەت يوق ئىدى، ئىككىمىز ئالمىشىپ قوللىناتتۇق.»

**nörobiyoloji.** is. fr. نېرۋا سىستېمىسى بىئولوگىيىسى.

**nörodermatoz.** is. fr. نېرۋىدىكى بۇزۇلۇقتىن پەيدا بولىدىغان تېرە كېسەللىكى.

**nörofizyoloji.** is. fr. نېرۋا سىستېمىسى فىزىئولوگىيىسى.

**nöronit, — ti** is. fr. نېرۋا ھۈجەيرىسى ياللۇغى.

**nöroparalizi.** is. fr. نېرۋا كېسەللىكى تۈپەيلى بولىدىغان پارالىچ، پالەچ.

**nöropati.** is. fr. نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كېسەل بولۇشى.

**nörosit, — ti.** is. fr. نېرۋا ھۈجەيرىسى.

**nöroskleroz.** is. fr. نېرۋا توقۇلمىلىرىنىڭ قېتىشى.

**nöroşirürji.** is. fr. نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرى.

**nöroteropi.** is. fr. نېرۋا كېسەللىكىنىڭ داۋاسى (داۋالاش).

**nörotrofi.** is. fr. نېرۋا توقۇلمىلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىشى.

**nötr.** s. fr. ① بىتەرەپ. ② پىلۇس (+) ياكى مىنۇس (−) بولمىغان. ③ مۆتىدىل. ④ (گرامماتىكىدا) ئۈچىنچى جىنس.

**nötür.** s. → **Nötr.**

**nuhame.** is. ar. بەلغەم، خەپرۇك.

**nuhas.** is. ar. ① مىس. ② مىس تەڭگە.

**nuhasi.** is. ar. مىستىن ياسالغان.

**nuhat.** is. ar. كېكىرىش.

**nuhbe.** is. s. ar. ① تاللانغان. ② ھەممگە ياخشى كۆرۈنگەن (ئادەم ياكى نەرسە). ③ ئۈلپەت (ئىشرەت ئولتۇرۇشىدا).

**nuhre.** is. ar. سۆڭەك تۈۋۈلمىنىڭ چېرىشى.

**nuhuset, — ti.** is. تەلەيسىزلىك، بەختسىزلىك.

**nuhust, nuhustin.** s. far. بىرىنچى، تۇنجى، ئاۋۋالقى.

**nuhustzad.** s. تۇنجى تۇغۇلغان.

**nuk.** is. far. ① قۇش تۇمشۇقى. ② قۇش تۇمشۇقىغا ئوخشاش. ③ ئوقيا ئوقىنىڭ ئۇچى.

**nukbe.** is. ar. ① رەڭ. ② دات. ③ تۆشۈك. ④يىرتىق. ⑤ يول.

**nuki.** is. ar. مەزە، قەنت، گىزەك.

**nukre.** is. ar. ① مۇنەك كۈمۈش. ② بويۇننىڭ ئارقا قىسمىدىكى چوڭقۇرلۇق.

**nukud.** is. → **Nukut.**

**nukul.** is. ar. ھېكايە، رىۋايەت.

**nukut, nukud.** پۇل، ئاقچا، تىللا، تەڭگە.

**nûl.** is. far. قۇش تۇمشۇقى.

**numan.** is. ar. ① قان. ② ئەر ئىسمى. ③ ئەپيۇنگۈل.

**numara.** is. it. ① نومۇر. ② ئۆيلەرگە قويۇلغان نومۇر. ③ تېلېفون نومۇرى. ④ ئۆلچەم، دەرىجە. ⑤ ئوقۇغۇچىغا بېرىلگەن نومۇر. ⑥ ھىيلە. ⑦ كۆزەينەكنىڭ گرادۇسى. ⑧ ئاياغ كىيىم ۋە باشقىلارنىڭ رازمېرى (نومۇرى).

**numaracı.** s. ساختىلىق (ھەرىكىتى).

**numaralamak.** نومۇر قويماق.

**numaralı.** s. نومۇر قويۇلغان، نومۇرلۇق: «İki numaralı oda — ئىككى نومۇرلۇق ئۆي.»

**numarasız.** s. ① نومۇر قويۇلمىغان. ② گرادۇسسىز.

**numaratör, — rü.** is. fr. نومۇر قويۇش ئەسۋابى.

**numune, nümune.** is. far. ① نەمۇنە، ئۈلگە. ② ئۆرنەك.

**numunegâh, nümunegâh.** is. ئۆرنەك بولارلىق يەر، نەمۇنىگاھ.

**numunehane.** is. مۇزېي، كۆرگەزمە.

**numunelik, — ği.** is. ① ئۈلگىلىك. ② كۈلكىلىك، مەنتىقسىز.

**nun.** is. ar. ① چوڭ بېلىق. ② قىلىچ. ③ قىلىچنىڭ سىرتى. ④ قاش.

**nur.** is. ar. ① نۇر، يورۇقلۇق. ② قۇرئان كەرىم.

**~ yüzlü.** قەلبى پاك، مۇبارەك يۈزلۈك.

**nuran.** is. ① مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىككى قىزى. ② ئايال ئىسمى (نۇران).

**nurlandırmak.** يورۇتماق.

**nurlanmak.** يورۇماق. ② پاكىز ۋە پارلاق ھالغا كەلمەك.

**nurlu.** s. ① پارلاق. ② پاكىز، مۇبارەك.

**nuranî.** s. ar. ① نۇرلۇق، نۇر چاچىدىغان، پارلاق. ② ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىتىدىغان.

**nusara.** is. ar. ياردەمچىلەر، ياردەم قىلغۇچىلار.

**nush.** .is ar. نەسىھەت.

**nusret, — ti.** is. ar. ① ياردەم. ② ئۇستۇنلۈك. ئەر ئىسمى (نۇسرەت).

**nussah.** is. ar. نەسىھەت بەرگۈچى.

**nussar.** is. ar. ياردەملەشكۈچىلەر، ياردەم بەرگۈچىلەر.

**nusul.** is. ar. نەيزىنىڭ ئۇچىدىكى ئۇچلۇق تۆمۈر.

**nuş.** is. far. ① هاراق - شاراب. ② بال، هەسەل. ③ تۇرمۇش.

**nuşabe.** is. far. ① ئابىھايات. ② دورىلىق ئۇچۈن ئىچىلىدىغان هاراق.

**nuşende.** is. هاراقكەش.

**nuşin.** s. far. تاتلىق، لەززەتلىك.

**nuşine.** is. far. تاتلىق شاراب.

**nutfe.** is. ar. ① پاكىز، سۈزۈك سۇ. ② مەنى.

**nutk.** is. → **Nutuk.**

**nutû.** is. ar. ① يوپۇق، داستىخان. ② تېرە (پىششىق) يوپۇق.

**nutuk, – tku.** is. ar. ① نۇتۇق، سۆز. ② تەرىقەت باشلىقلىرىنىڭ تەرىقەتكە كىرگۈزگۈچىلەرگە يول كۆرسىتىپ يازغان قىشاقلىرى. ③ تەرىقەت باشلىقلىرىنىڭ شېئىرىي سۆزلىرى.

**nuumet.** is. ar. مۇلايىملىق، نازاكەتلىك.

**nuuz.** is. ar. ① قىيام بولماق، قوپۇقلاشماق. ② كۆچلەنمەك. ③ ئورنىدىن قوپماق، قەد كۆتۈرمەك.

**nü.** is. fr. يالىڭاچ سىزىلغان رەسىم.

**nübelâ.** is. ar. زەكى، ئاقىل ئادەملەر.

**nüceda.** is. ar. نەسلى ياخشى، تېگى - تەكتى ياخشى (ئادەم).

**nücum.** is. ar. يۇلتۇزلار.

**nucum ilmi.** ئاسترونومىيە، يۇلتۇزلار ئىلمى.

**nücumi.** s. ① يۇلتۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك. ② يۇلتۇزلارنى تەتقىق قىلغۇچى.

**nüdbe.** is. ar. جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاش، مەرسىيە.

**nüdema.** is. ar. ياردەم قىلغۇچى، ئاغىنىدارچىلىق قىلغۇچى.

**müdizm.** is. fr. يالىڭاچ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان، يالىڭاچلىق.

**müdomani.** is. يالىڭاچ يۈرۈش ئارزۇسى.

**nüfur.** is. ar. ① قېچىش، قورقۇپ تارقىلىپ كېتىش. ② هاجىلارنىڭ مىنادىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىشى.

**nüfus.** is. ar. ① نوپۇس: ② جان.
«Kaşgarin nüfusu artiyor mu? — قەشقەرنىڭ نوپۇسى كۆپىيىۋاتامدۇ؟
O, 6 nüfusa bakiyor — ئۇ ئالتە جاننى باقىدۇ.»

**nüfuz.** is. ar. ① ئۆتۈش. ② كېيىن ئۆتىدىغان، ئابروي، ئىناۋەت:
«Duvardan su nüfuz ediyor — تامدىن سۇ ئۆتۈۋاتىدۇ.
Bu adamın çok nüfuzu var — بۇ ئادەمنىڭ خېلى ئابرويى بار.»

**nüfuzlu.** s. نوپۇزلۇق، ئابرويلۇق، ئىناۋەتلىك.

**nüh.** s. far. توققۇز.

**nühak.** is. ar. ئېشەكنىڭ هاڭرىشى.

**nühur[1].** is. ar. دەريالار، ئاقار سۇلار.

**nühûr[2].** is. ar. قۇربانلار.

**nühuz.** is. ar. ① هەرىكەت قىلماق، قىمىرلىماق. ② يېرىدىن قوپماق.

**nühüfte.** s. far. يوشۇرۇن، مەخپىي.

**nühye.** is. ar. ئاقىل، ئىدراك.

**nükhet, nekhet, –ti.** is. ar. ① خۇش پۇراق. ② بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى. ③ ئېغىزنىڭ پۇرىقى. ④ ئايال ئىسمى.

**nükleer.** s. fr. ئاتوم يادروسى:

«Nükleer silahlar imha edilmeli — يادرو قوراللىرى يوقىتىلىشى لازىم.»

**nükleon.** is. fr. نۇكلون (فىزىكىدا).

**nüks.** is. ar. كېسەلنىڭ تەكرارلىنىشى.

**nüksetmek.** قوزغالماق، تەكرارلانماق.

**nükte.** is. ar. ① چوڭقۇر مەنىلىك، نەپىس سۆز. ② ئەسەردە، رەسىمدە، سۆزدە دىققەت قىلغاندىلا چۈشەنگىلى بولىدىغان مەنە.

**~ yapmak.** مەنىلىك سۆز قىلماق.

**nükteci.** s. مەنىلىك ۋە پاساھەتلىك سۆز قىلغۇچى.

**nüktedan.** is. ar. → **Nükteci.**

**nüküb.** is' ar. چۈشكۈنلۈك، تەلەيسىزلىك، پالاكەت.

**nükül, – lü.** is. ar. ① ۋاز كېچىش، يېنىۋېلىش. ② سۆزدىن قايتىۋېلىش.

**nül.** s. fr. نۆل.

**nümayan.** s. far. نامايان، كۆرۈنىدىغان، ئوتتۇرىدا بولغان.

**nümayış.** is. far. ② نامايىش. كۆرسىتىش:
«Kapitalist ülkelerde halk sıksık nümayış yapar — كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە خەلق پات-پات نامايىش قىلىدۇ.»

**nümayışçı.** is. نامايىشچى.

**nümayışkâr.** s. far. نامايىشچى.

**nümruka.** is. ar. كىچىك ياستۇق.

**nümudar.** s. ar. is. ① كۆرۈنگەن. ② ئۆرنەك، نەمۇنە.

**nümune.** is. → **Numune.**

**nümuzec.** is. far. نەمۇنە، ئۆرنەك.

**nümür.** nümur is. يولۋاسلار.

**nümüv.** is. ar. ئۆسۈش، چوڭىيىش، يېتىلىش.

**nüsafa.** is. ar. شامالدا سورىلىپ بۇغدايدىن ئايرىلغان سامان، توپان.

**nüsah.** is. ar. نۇسخا.

**nüsal.** is. ar. هايۋانلاردىن تۆكۈلگەن يۇڭ، تۈك.

**nüsale.** is. ar. يۇمشاق ئۆشكە يۇڭى (ئەنقەرە ئۆشكىسىنىڭ يۇڭى).

**nüsha.** is. ar. ① كۇپىيە. ② تىراژ:
«Bu yazının nüshası nerede? — بۇ ماقالىنىڭ كۇپىيىسى قەيەردە؟»

**nüsur.** s. ar. ① گىيە (قۇش). ② بۈركۈت.

**nüşabe.** is. ئۇچى تۆمۈر ئوق (ئوقيا ئوقى).

**nüşare.** is. ar. رەندە قىرىندىسى.

**nüşhar.** is. far. كۆشەك.

**nüşre.** is. ar. ئەپسۇن.

**nüşur.** is. ar. ① تارقىتىش، يېيىش. ② ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش.

**nüvaht.** is. far. ساز چېلىش.

**nüve.** is. ar. ① ئۇرۇقچا، مېغىز. ② بىر نەرسىنىڭ ئاساسى.

**nüvit, – di.** is. far. ① خۇش خەۋەر. ② ئەر ئىسمى.

**nüyub.** is. ar. ئېزىق چىش.

**nüzhet, – ti.** is. ar. ① تاماشا، سەيلە. ② خۇشاللىق. ③ ئەر ۋە ئايال ئىسمى.

**nüzel.** is. ar. ① قونالغۇ. ② مېهمانلارغا هازىرلانغان تاماق.

**nüzül, nüzul, –lü.** is. ar. ① چۈشۈش.

**~ etmek.** يۇقىرىدىن پەسكە چۈشمەك.

# O·o

**o.** O, (تۈرك ئېلىپبەسىنىڭ 18 - ھەرپى) ئو

**o.** ھەيرانلىق، خۇشاللىق قاتارلىق ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ:
«O, ne güzel — پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق.»

**o, — nu.** ① ئۈچىنچى شەخس — ئۇ. ② كۆز ئالدىدا بولمىغان ياكى يىراقتا بولغان ئادەم ياكى نەرسىگە ئىشارەت:
O gelmedi ben geldim — ئۇ كەلمىدى، مەن كەلدىم.
O iyideğil, bu iyidir — ئۇ ياخشى ئەمەس، بۇ ياخشى.»

**O.** ئوكسىگېننىڭ بەلگىسى.

**oba.** is. چىدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەن خەلقلەردىن بارلىققا كەلگەن ئاۋۇل.

**obartmak.** كۆپتۈرمەك، چوڭايتماق، مۇبالىغە قىلماق.

**obelisk.** is. fr. تىككىلىك تاش.

**obezite.** is. fr. ① ھەددىدىن زىيادە سېمىزلىك، ياغ توقۇلمىلىرىنىڭ ئارتۇقچە ئۆسۈپ كېتىشى.

**objektif.** s. fr. ① ئوبيېكتىپ. ② فوتو ئاپپاراتى، مىكروسكوپ، دۇربۇن قاتارلىق ئوپتىك سايمانلارنىڭ ئەينەك كۆزى.

**objektivizm.** is. fr. ئوبيېكتىۋىزم.

**obruk.** s. ① ئازگال، ئويمان. ② ئويۇق يەر، ئويۇلغان يەر. ③ دېڭىز، دەريالاردا قاينام (يەر).

**obrukluk, — ğu.** is ئازگاللىق، ئويمانلىق، چوڭقۇرلۇق، پەسلىك.

**observatuvar.** is. fr. ئوبسېرۋاتورىيە (مەخسۇس ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر ياردىمى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنى سىستېمىلىق تۈزىتىپ بارىدىغان ئاسترونومىيىلىك قورۇلما).

**obua.** is. fr. ئۈچ پەدىلىك پۈۋلەپ چالىدىغان ساز.

**obur[1].** s. is. ئوپقان، تويغىنىنى بىلمەيدىغان.

**obur[2]** .is. zool (شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدىغان) سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.

**obüs.** is. fr. توپ (زەمبىرەك) نىڭ بىر تۈرى.

**ocak[1], ğı.** is. ① ئوچاق. ② كان. ③ ئۆي، ئائىلە. ④ قەدىمدىن تېبۇپلىقنى كەسىپ قىلغان ئائىلە:
«1. Mutfak ocağı — ئاشخانا ئوچىقى.
2. Kömür ocağı — كۆمۈر كېنى.
3. Onlar eski bir ocaktandir — ئۇلار بىر كونا ئائىلىدىن.»

**ocak, — ğı.** is. يانۋار، بىرىنچى ئاي:
«Ocak 31 gündür — يانۋار 31 كۈنلۈك ئايدۇر.»

**ocakçı.** is. ① پاراخوت، پويىز قاتارلىقلاردا ئوت قالىغۇچى، ئوت ياققۇچى. ② مورا تازىلىغۇچى. ③ كوفىخانىلاردا كوفى، چاي قايناتقۇچى.

**ocaklı.** s. ① ئوچاقلىق، ئوچىقى بولغان. ② ئوچاقتىن بولغان.

**ocaklık, – ğı.** is. ① ئاشخانىدا ئوچاق بولغان يەر، قازانبېشى. ② تۈۋرۈك. ③ تۆرخون، مورا. ④ مىراس.

**od.** is. ئوت.

**oda.** is. ① ئۆي. ② ئىشخانا:
«Yatak odası — ياتاق ئۆيى.
Hekimler odası — دوختۇرلار ئىشخانىسى.»

**odacı.** is. ئۆي خىزمەتچىسى، قارا خىزمەتچى، تازىلىق ئىشچىسى.

**odacılık, – ğı.** is. قارا خىزمەتچىلىك.

**odak, – ğı.** is. ① فوكۇس (فىزىكىدا). ② مەركىزىي نۇقتا. ③ كېسىش نۇقتىسى (ماتېماتىكىدا).

**odalık, –ğı.** is. قەدىمكى زاماندا نىكاھسىز ئېلىنغان خوتۇن، سېتىۋېلىنغان خوتۇن، قىز.

**odaşık, – ği.** is. ئەينى ياتاقتا ياتقۇچى ياكى ئەينى ئىشخانىدا ئىشلىگۈچى.

**oditoryum.** is. lat. شائىرلارنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن توپلىنىدىغان يەر. ② دوكلات دەرسى ۋە كونسېرت بېرىلىدىغان زال.

**odun.** is. ① ئوتۇن. ② قوپال، سەت (ئادەم). ③ تاياق، كالتەك.

**oduncu.** is. ① ئوتۇن ساتقۇچى. ② ئورمانلاردا ئوتۇن كەسكۈچى.

**oduncul.** s. is. ياغاچ بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان قۇرتلار.

**odunculuk, – ğu.** is. ئوتۇنچىلىق.

**odunlaşmak.** ① ئوتۇن ھالىغا كەلمەك. ② قوپاللاشماق.

**odunluk, –ğu.** is. s. ① ئوتۇن قويۇلىدىغان يەر. ② قوپاللىق، سەتلىك. ③ ئوتۇن ھالىغا كەلگەن.

**odunsu.** s. ئوتۇنسىمان، ئوتۇنغا ئوخشىغان.

**odyofun.** is. fr. ئاۋازنى كۈچەيتىدىغان ئاكوستىك سايمان.

**of.** ① ئاھ، ۋاي. ② ھارغىنلىق ئىپادىسى:
«Of bırakalım bu konuyu artık — ۋاي قويغىنا بۇ مەسىلىنى.
Of bu tepe insanı yorgunluktan öldürür — پاھ بۇ ئېگىزلىك ئادەمنى ھارغۇزۇپ ئۆلتۈرگۈدەك.»

**ofidizm.** is. fr. يىلان زەھىرى بىلەن زەھەرلىنىش.

**ofis.** is. fr. ئىدارە، ئىشخانا:
«Tarım ofisi — دېھقانچىلىق ئىدارىسى.»

**ofkarmak.** چوڭقۇر نەپەس ئالماق.

**oflamak.** ئۇھ دەپ ئىچىدىكى غەم-قايغۇنى ئىپادە قىلماق.

**oflaz.** s. نەپەس.

**oftalmodini.** is. fr. كۆز ئاغرىقى.

**oftalmokonyoz.** is. fr. توپا-چاڭدىن بولغان كۆز ئاغرىقى.

**oftalmoloji.** is. fr. كۆزنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىقتىدارى ۋە كۆز كېسەللىكلىرى توغرىسىدىكى بىلىم.

**oftalmonevrit, –ti.** is. fr. كۆز نېرۋىلىرىنىڭ ياللۇغى.

**oftalmopleji.** is. fr. كۆزدىكى ھەرىكەت توقۇلمىلىرىنىڭ پالەچ بولۇشى.

**oftalmoraji.** is. fr. كۆزنىڭ قانىشى.

**oftalmoreksi.** is. fr. كۆز قارىچۇغىنىڭ يىرتىلىشى.

**oftalmoskop, – pu.** is. fr. كۆزنىڭ ئىچىنى تەكشۈرىدىغان ئەسۋاب.

**oftalmotomi.** is. fr. كۆز ئوپېراتسىيىسى.

**oftalmotonometre.** is. fr. كۆز بېسى-

مىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**oğalamak.** ئۇۋۇلىماق، چاڭگىلىماق.

**oğan.** is. تەڭرى.

**oğlak.** is. zool. ئوغلاق.

**oğlan.** is. ① ئوغۇل. ② ياش خىزمەتچى. ③ بەچچە (ئوغۇل بالا):

«Çocukların ikisi oğlan — بالىلارنىڭ ئىككىسى ئوغۇل.

Bizim oğlanı çarşıya gönderdim, hâlâ gelmeli — ياش خىزمەتچىنى بازارغا ئەۋەتتىم، ھازىرغىچە كەلمىدى.»

**oğlancı.** s. is. بەچچىۋاز.

**oğlancık, — gı.** is. كىچىك ئوغۇل بالا.

**oglancılık, — ğı.** is. بەچچىۋازلىق.

**oğmaç, — çı.** is. ① ناننى ياكى خېمىرنى ئىنچىكە توغراپ ئۇنىڭغا ياغ، ئىرىمچىك ۋە تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ قىلىدىغان بىر خىل تاماق. ② يېڭى قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان خېمىر.

**oğrun, uğrun.** z. ئوغرىلىقچە، مەخپىي ھالدا.

**oğul¹, — glu.** is. ① ئوغۇل، بالا. ② ئەۋلاد:

«Er oglu er, it oğlu it. — ئادەم بالىسى ئادەم، ئىت بالىسى ئىت.

Osman oğulları — ئوسماننىڭ ئەۋلادلىرى.»

**oğul².** is. zool. بىر ئانا ھەسەل ھەرىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇۋىسىدىن ئايرىلغان ھەرىلەر.

**oğulcuk, — ğu.** is. ① «ئوغۇل» سۆزىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى. ② تۆرەلمە، ھامىلە، ئۇندۇرمە.

**oğulduruk, — gu.** is. بالىياتقۇ.

**oğulluk, — gü.** is. ئوغۇللۇق، بالىلىق:

«Oğulluk böyle mi olur? — بالىلىق شۇنداق بولامدۇ؟»

**oğulmak.** → **Ovulmak.**

**oğunmak.** ① بىھوش بولماق، ھوشىدىن كەتمەك. ② ئىچى سىرىلماق، ئىچ ئاغرىتماق.

**oğur.** is. پۇرسەت، مۇرتى.

**oğuşturmak.** → **Ovuşturmak.**

**oğuz.** is. s. ① كۆچلۈك، بەستلىك. ② دوست، ياخشى نىيەت ئادەم، ئاق كۆڭۈل ئادەم. ③ دېھقان، سەھرالىق. ④ ياخشى ۋە توغرا (ئادەم). ⑤ پاك، ساپ، تەجرىبىسىز. ⑥ ئەر ئىسمى (ئوغۇز).

**Oğuz.** is. öz. ئوغۇز (تۈركلەر ئەپسانىسىدا بىر قەھرىماننىڭ نامى. ② تۈركلەرنىڭ ئەڭ زور قەبىلىلىرىدىن بىرى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئادەملەر):

«Selçuklular, Osmanlılar. Âzerilir ve orta - Asya Türkmenleri Oğuz. boylarındandır — سەلچۇقلۇقلار، ئوسمانلىقلار، ئازەرىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركمەنلىرى ئوغۇز ئەۋلادلىرىدىندۇر.»

**Oğuzca.** is. ئوغۇزلارنىڭ تىلى، ئوغۇزچە.

**oh.** ① قوللىنىلغان يەر ۋە ئىنتوناتسىيىگە قاراپ ھەر خىل ھېس - تۇيغۇنى بىلدۈرىدۇ، ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ② خۇشاللىق ۋە ھاياجاننى بىلدۈرىدۇ:

«Oh ne güzel. — ۋاي، نېمىدېگەن چىرايلىق.»

**oha.** ① چوڭ ھايۋانلارنى توختىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ② تەنە ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ:

«Oha ne diyorsun? — ئوھ-ۋي،

نېمە دەۋاتىسەن؟»

**oje.** is. er. بېزەك ئۈچۈن تىرناقتا سۈرۈلگەن بوياق.

**ok, – ku.** is. ① ئوق، (ئوقيا ئوقى). ② هارۋا قاتارلىقلارنىڭ ئوقى. ③ پاراخود ۋە كېمىنىڭ سۇغا تاشلايدىغان تۆمۈرىنىڭ گەۋدىسى:

«Y aile atılan ok isabet etti — يا بىلەن ئېتىلغان ئوق قارىغا (نىشانغا) تەگدى.

Araba oku — هارۋا ئوقى.»

**okan.** s. ① زەكى، ئاقىل. ② تەگرى.

**okçu.** si. ① مەرگەن. ② ئوقيا ئوقى ياسىغۇچى ياكى ساتقۇچى.

**okçuluk, – ğu.** is. ئوق ياساش ياكى سېتىش كەسپى.

**okka.** is. az. ئوققا (1283 گرام ئېغىرلىقتا تەڭ بىر خىل ئېغىرلىق ئۆلچىمى).

**okkalamak.** ① ئېغىرلىقنى قول بىلەن دەڭسەپ باقماق. ② بىراۋنى يۈزىدە ماختاپ ئۈچۈرماق.

**okkalı.** s. ① چوڭ. ② ئېغىر:

«Okkalı bir fincan — چوڭ چىنا.

Okkalı bir küfür — ئېغىر بىر هاقارەت»

~ **kahve.** چوڭ چىنىلىق قەھۋە.

**okkalik, – ğı.** is. ئوققالىق:

«Okkalık kap — ئوققالىق قاپ.»

**oklağı.** is. → Oklava.

**ok lamak.** ① ئوقتەك ئېتىلماق. ② ئوق بىلەن ئاتماق ياكى ياربدار قىلماق.

**oklanmak.** ئوق بىلەن ئېتىلماق، ئوق تەگمەك.

**oklava.** is. نوغۇش.

**oklu.** s. ئوقى بولغان.

**okluk,–ğu.** is. ئوق خالتىسى.

**okr.** is. lat. قىزىل تۇپا (بوياق ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان).

**okramak.** كىشنىمەك (قورساقى ئاچقانلىقتىن ياكى ئۇسسىغانلىقتىن).

**oksijen.** is. yun. ئوكسىگېن.

**oksijenlemek.** بىر ماددىنىڭ تەركىبىگە ئوكسىگېن قوشماق، ئوكسىگېنلاشتۇرماق.

**oksilali.** is. tip. تېز سۆزلەش.

**oksiput.** is. tip. ئارقا مېڭە.

**oksisef ali.** is. tip. باشنىڭ ئۈچلۈق بولۇشى.

**oksifon.** s. is. dilb. ئۈرغۇسى ئاخىرقى بوغۇمدا بولىدىغان سۆزلەر.

**oksiyopi.** is. كۆزنىڭ ئۆتكۈرلۈكى.

**okşak.** is. ئوخشاش، ئەينى.

**okşamak.** ① سىلىماق. ② ماختىماق. ③ ئاستا ئۇرۇپ قويماق. ④ ئوخشىماق، ئەسكە سالماق.

**okşanmak.** ماختانماق:

**perdaht.** is. far. ① پارقىراقلىق، جۇلا. ② پاكىزلەش، تۈزىتىش.

**perdahte.** s. far. ① پارقىرىتىلغان، جۇلالاندۇرۇلغان. ② تۈز، تۈزلەنگەن.

**perdaz.** s. far. پەرداز.

**perde.** is. far. ① پەردە. ② ئىككى يەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدىغان نەرسە. ③ ساز پەدىسى. ④ سەھنە پەردىسى، ئېكران. ⑤ كۆزگە چۈشكەن ئاق. ⑥ نىقاب. ⑦ چۈمپەردە. ⑧ سۇ ئۈزگۈچى ھايۋانلارنىڭ پۇتىدىكى پەردە:

«Kapi perdesi — ئىشىك پەردىسى.»

**perde. ayaklılar.** is. zool. پەردە ئاياغلىق ھايۋانلار (مۇھىمى سۇدا ياشايدىغان ئۆردەك، غاز قاتارلىق ھايۋانلار).

**perde . birun.** s. far. ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان، ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان.

**perdeci.** is. ① تىياتىردا پەردە ئېچىپ - ياپقۇچى. ② پەردە تىككۈچى ياكى ساتقۇچى. ③ ئىشىككە قارىغۇچى.

**perdelemek.** پەردە بىلەن ياپماق.

**perdelenmek.** پەردە بىلەن يېپىلماق.

**perdeli.** s. ① پەردىلىك. ② يېپىقلىق.

**perdesiz.** s ① پەردىسىز. ② ھاياسىز، ئىزا تارتمايدىغان.

**perdesizlik, — ği.** is. ① پەردىسىزلىك. ② ھاياسىزلىق، ئىزا تارتماسلىق.

**perekeş.** is. far. يان - يان كارىۋاتلاردا ياتقان ئەسكەرلەر.

**pereme.** is. den. قېيىقنىڭ بىر خىلى.

**perend.** is. far. ئەتلەس.

**perende.** is. s. far. ① مۈللاق. ② ئۇۋ قۇشى. ③ ئۇچىدىغان:

«Perende atmak — مۈللاق ئاتماق.»

**~ atamamak.** ① ئۇ ياكى بۇ جەھەتتە باشقا بىرىدىن تۆۋەن ۋە ئىقتىدارسىز بولماق. ② قولىدىن ئىش كەلمەسلىك، ئالدىيالماسلىق.

**perende. baz.** s. is. far. مۈللاقچى.

**perese.** is. inş. ① تامچىلارنىڭ تاسى (تۈزلۈكنى بىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ). ② دەرىجە:

«Iş bu pereseye geldikten sonra — ئىش بۇ دەرىجىگە كەلگەندىن كېيىن.»

**perest.** s. far. پەرەس:

«Büt perest — بۇتپەرەس.

Savaş berest — ئۇرۇشپەرەست.

Menfaat perest — مەنپەئەتپەرەس.»

**perester.** is. s. far. ① خىزمەتكار، خىزمەتچى. ② قۇل. ③ ئابىد، چوقۇنغۇچى. ④ خۇشامەتچى، يالاقچى.

**perestiş.** is. far. چوقۇنۇش.

**perforatör, — rü.** is. fr. تۆشۈك تېشىش ماشىنىسى.

**performans.** is. ① ئاتلېتىكا ياكى ئات بەيگىسى مۇسابىقە نەتىجىسىنىڭ ئېلانى. ② چەيلا توپ ئويۇنىدا قازىنىدىغان غەلىبە. ③ مۇۋەپپەقىيەت.

**pergâle.** is. far. ① پارچە. ② قوپال توقۇلغان توقۇلما.

**pergâr, pergâl.** is. far. mat. → **pergal.**

**pergel.** is. far. سىركۇل (چەمبەر سىزغۇچ).

**pergellemek.** ① سىركۇل بىلەن سىزماق. ② پىلانلىماق:

«Haraket tarzımı pergelledim — قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمنى پىلانلىدىم.»

**pergeller.** is. پاچاقلار.

**~ i açmak.** چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭماق.

**pergola.** is. باراڭ، چەللە، لەمپە.

**perhiz, pehriz.** ① پەرھىز. ② هارامدىن ساقلىنىش.

**~ etmek.** پەرھىز قىلماق.

**peri.** is. far. ① جىنلار تائىپىسى. ② كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇچى گۈزەل ئايال. ③ ئايال ئىسمى (پەرى).

**percik, – ği.** is. ① قۇلۇپنىڭ تىلى. ② تۇتقاق كېسىلى.

**peride.** s. far. ① ئۇچقان، يۇقىرى ئۆرلىگەن، ئۆرلىگەن. ② ئۆڭۈپ كەتكەن (رەڭ ھەققىدە). ③ ئايال ئىسمى (پەرىدە).

**perifrenit, – ti.** is. دىئافىرام ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئورگانىنىڭ ئىششىقى.

**peri. han[1].** s. پېرىخۇن، باخشى.

**peri. han[2].** is. far. ① پەرىلەر پادىشاھى، پەرىخان، پەرىلەر باشلىقى. ② ئايال ئىسمى (پەرىخان).

**peri . hastalığı.** is·tıp. تۇتقاقلىق كېسىلى، ئىسترىيە كېسىلى.

**perikarp.** is. fr. مېۋە شۆپۈكى.

**perimetre.** is. fr. كۆرۈش دائىرىسىنى ئۆلچەش ئەسۋابى.

**perimetrit, – ti.** is. fr. بالىياتقۇ ھۈجەيرىلىرى توقۇلمىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

**perinefrik.** is. fr. بۆرەكنى ئورىغان.

**perinefrium.** is. fr. بۆرەكنى ئوراپ تۇرغان نېپىز پەردە.

**perinevr.** is. fr. نېرۋا توقۇلمىلىرىنى ئوراپ تۇرغان پەردە.

**periözofajit, – ti.** is. far. كاناينى ئوراپ تۇرغان پەردىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

**peripeyker.** s. fr. بەك چىرايلىق، پەرىدەك چىرايلىق.

**perirektit, – ti.** is. كۆتەن ئۈچەينى ئوراپ تۇرغان توقۇلمىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

**perisistit, – ti.** is. fr. سۈيدۈك پۇلىنى ئوراپ تۇرغان توقۇلمىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

**periskop, – pu.** is. fr. سۇ ئاستى پاراخوتلىرىدا كۆزىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئوپتىك ئەسۋاب.

**peristafilin.** is. كىچىك تىلنىڭ ئەتراپىدا بولىدىغان مۇسكۇللار.

**perişan.** is. far. ① چېچىلاڭغۇ. ② بىسەرەمجان. ③ ۋەيران. ④ هالى خاراب:

«1· Odamız perişan — ئۆيىمىز بىسەرەمجان.

2· Düşmanın hava saldırılarından şehir perişan — دۈشمەنىنىڭ هاۋا تاجاۋۇزىدىن شەھەرلەر خاراب.

3· Adamcağız pek perişan durumda — بىچارە ئادەمنىڭ هالى خاراب.»

**perişanlık, – ğı.** is. ① چېچىلاڭغۇلۇق، بىسەرەمجانلىق. ② بىچارىلىك، پەرىشانلىق.

**peri. zad.** s. far. ① پەرىزات، پەرىدىن تۇغۇلغان. ② پەرىدەك چىرايلىق. ③ ئايال ئىسمى (پەرىزات).

**periton.** is. fr. قېرىن پەردىسى.

**peritoneopati.** is. قېرىن پەردىسى كېسەللىكى.

**peritoneskopi·** is. قېرىن پەردىسى دىئاگنوزى.

**peritoneotomi.** is. قېرىن پەردىسى ئوپېراتسىيىسى.

**peritonit, – ti.** is. fr. قېرىن پەردىسىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

**peritonstit, – ti.** is. بادام بەز-

لىرىنى ئوراپ تۇرغان پەردىسىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

**perkitmek.** → **peritmek.**

**perkolatör, - rü.** is. fr. سۈ پارى بىلەن قەھۋە ھازىرلايدىغان ئەسۋاب.

**perleş.** is. tıp. كالپۇكنىڭ پۇچۇقلۇقى.

**perm.** is. rus. پېرم (پالە ئۆزىك دەۋرىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلى).

**permanat.** is. fr. چاچنى ئۇزۇن زامانغىچە بۇدۇر ھالدا ساقلاش ئۇسۇلى.

**permeçe.** is. it. den. كېمە ۋە پاراخوتلاردا ئېھتىيات ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئارغامچا.

**permi.** is. fr. ① رۇخسەت، ئىجازەت. ② رۇخسەتنامە. ③ تاشقى سودا ئۈچۈن مەخسۇس بېرىلگەن رۇخسەت قەغىزى.

**permiyen.** s. is. → **perm.**

**pernisyöz.** s. tıp. خەتەرلىك، ئۆلتۈرىدىغان.

**perniyan.** is. far. گۈللۈك ئەتلەس.

**pero, peru.** is. it. ئالماس.

**peron.** is. fr. ① ۋوگزالدا پويىزغا چىقىپ چۈشىدىغان سۇپا. ② بىناغا كىرىپ چىقىدىغان پەلەمپەي.

**peronospora.** is. yun. ئۈزۈملۈكلەرنىڭ كۆكىرىپ كېتىش كېسىلىگە سەۋەب بولىدىغان يەر مەدىكى (ئېشەك مەدىكى).

**persistans.** is. سۈت چىشنىڭ چۈشمەسلىكى.

**personel.** is. fr. خىزمەتچى، خادىم: «Askeri personel — ھەربىي خادىم.»

**perspektif.** is. fr. يوشۇرۇن كۈچ.

**perşembe.** is. far. پەيشەنبە.

~ **pazarı.** پەيشەنبە بازىرى.

**perşöron.** is. fr. فرانسىيە ئاتلىرىدىن بىر خىلى.

**pertev.** is. far. ① يورۇقلۇق، نۇر. ② ئەر ئىسمى (پەرتەۋ).

**pertürbasyon.** is. fr. قالايمىقانچىلىق، بىسەرەمجانلىق.

**peruka peruk.** is. it. ياسما چاچ، ئۆلاغ چاچ.

**perukâr perûkâr.** is. fr. ساتىراچ.

**perva.** is. far. قورقۇش، چېكىنىش.

**pervane.** is. far. ① پەرۋانە. ② چاقپەلەك، پىلدىرغۇچ: «Uçak pervanesi — ئايروپىلان (ئۇچقۇ) پىلدىرلىغۇچى.»

**pervaneli.** s. چاقپەلەكلىك، پىلدىرلىغۇچلۇق.

**pervanesiz.** s. پىلدىرلىغۇچسىز: «Pervanesiz uçak — پىلدىرلىغۇچسىز ئايروپىلان.»

**pervasız.** s. پەرۋاسىز.

**pervasızlık, - ğı.** is. پەرۋاسىزلىق.

**pervaz.** is. far. ① كەشتە، رام (ئىشىك ۋە دېرىزىنىڭ). ② ئۇچۇش. ③ ھۇجرا. ④ ئەينەك. ⑤ ئىشكاپ. ⑥ نېپىز ئۇزۇن تاختاي. ⑦ كىيىملەرنىڭ پەۋزى.

**pervaze.** is. far. ① دالا تامىقى (يېمەك). ② كېچە ئويۇنلىرى ئۈچۈن يورۇتۇلغان يورۇقلۇق. ③ ئالتۇن ياكى كۈمۈش كېپىكى.

**pervaz. gâh, pervazgeh.** is. ئۇچۇلىدىغان يەر، ئۇچۇش يېرى.

**perver.** is. far. ① باقتۇچى. ② تەربىيىلىگۈچى، ئۈستۈرگۈچى. ③ سۆيگۈچى.

**perveran.** is. ① باققانلار، ئۆستۈرگەنلەر. ② تاللىغانلار. ③ سۆيگەنلەر، ياخشى كۆرگەنلەر.

**perverde.** s. far. ① بېقىلغان، ئۆستۈرۈلگەن. ② تەربىيىلەنمەك، باقماق.

**perverdiğar.** is. far. پەرۋاردىگار، ياراتقۇچى.

**perveri.** is. ① بېقىش. ② تەربىيىلەش. ③ تاللاش. ④ سۆيۈش.

**perveriş.** is. far. پەرۋىش، بېقىش، ئۆستۈرۈش، ئاسراش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش.

**pervin.** is. far. ① ئۈركەر (يۇلتۇزى). ② ئايال ئىسمى (پەرۋىن).

**perviz.** is. far. ① ئەلگەك، سۈزگۈچ. ② بېلىق. ③ گۈزەللىك. ④ جىلۋە. ⑤ ئۇستۇنلۇك قازانغۇچى. ⑥ ئەر ئىسمى (پەرۋىز).

**pervizen.** is. far. ① ئەلگەك. ② غەلۋىر.

**pes**[1]. far. بەس، يېتەر (ھەرقانداق بىر مۇسابىقىدە يېڭىلگەنلىككە تەن بەرگەنلىك مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ).

**pes**[2]. is. far. ئارقا، كېيىن.

**pes**[3]. s. far. پەس ئاۋازدا سۆزلىگەن، ئاستا سۆزلىگەن.

**pesavend.** is. far. قاپىيە.

**pesek.** is. چىشنىڭ كىرى.

**pesend.** is. far. ① تاللاش، پارلاش، ئىلغاش، ياخشى كۆرۈش، پەسەنت، ماختاش. ② جۇلاسىز ئالتۇن.

~ **etmek.** ياخشى كۆرمەك، تاللىماق.

**pesendide.** s. far. تاللانغان، ياخشى كۆرۈلگەن، ماختالغان، پەسەنت قىلىنغان.

**peser.** is. fr. تۆۋەنلەپ كەتكەن ياكى ئورنىنى ئالماشتۇرغان، ماتكىنى ئەسلى ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماتكا يولىغا سېلىپ قويۇلىدىغان ھالقا.

**pesimist, – ti.** is. fr. پېسمىست (تۇرمۇشقا ۋە كېلەچەككە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارىغۇچى).

**pesimizm.** is. fr. پېسمىزم (روھىي چۈشكۈنلۈك، ھاياتقا، كېلەچەككە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراش).

**pesin.** is. far. ئاخىرىدا بولغان، ئاخىرقى.

**peskülle.** is. ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلىدىغان تاقاق.

**pespaye.** is. پەسكەش.

**pespayelik, – ği.** is. پەسكەشلىك.

**pest, – ti.** s. far. ① پەس، تۆۋەن (ئاۋاز). ② پەسكەش.

**pestenkerani.** s. far. ئويدۇرما، سەپسەتە، يالغان:

«Pestenkerani lakırdılar söylüyor — يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىدۇ.»

**pesti.** is. پەسلىك، پەسكەشلىك.

**pestil.** is. ① مېۋە قېقى. ② كېسەل. ③ مەست:

«Erik pestili — ئۆرۈك قېقى.»

~ **atmak.** يالغان سۆزلىمەك.

**pesüs.** is. far. ياغ بىلەن ياندۇرۇلىدىغان قارا چىراغ.

**peş**[1]. is. far. ئارقا، ئىز:
«Peşine düşmek — ئارقىسىغا (ئىزىـ غا) چۈشمەك.»

**peş**[2]. is. far. پەش (كىيىمنىڭ).

**peşe peşe.** z. ئارقا ـ ئارقىدىن.

**peşe**[1]. is. قول ھۈنىرى (مەكتەپلەردە).

**peşe**[2], **peşşe.** is. far. پاشا.

**peşeng.** is. far. ① باشلامچى، يولـ باشلىغۇچچى.②يول باشلايدىغان ھايۋان.

**peşin.** s. far. ① ئاۋۋال، دەسلەپ، ئالدى. ② ئالدىن بېرىلگەن:
«Ben size peşin söyledim — مەن سىزگە ئاۋۋال سۆزلىدىم.
Ismarlanan şeylerin ücreti Peşin ödenir — بۇيرۇتۇلغان نەرسىلەرـ نىڭ پۇلى ئالدىن بېرىلىدۇ.»

**peşinat.** is. osm. ئالدىدىن بېرىلگەن پۇل، زاكالەت.

**peşinatsız.** s. ئالدىن پۇل ئالماسـ تىن، زاكالەت ئالماستىن.

**peşinci.** s. is. ئالدىن پۇل ئېلىپ ساتقۇچى ياكى ئالدىن پۇل بېرىپ مال ئالغۇچى.

**peşiz, peşize.** is. far. ① پۇل. ② بېلىق سىرتىدىكى تەڭگىلەر. ③ قىـ چىرنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان مارجانلار. ④ قاتار ئويۇنى.

**peşkeş.** is. far. ھەدىيە.

**peşkir.** is. far. ① لۆڭگە. ② ياغـ لىق، سالفېتكا.

**peşkirci.** is. ① لۆڭگە ياسىغۇچى ياكى ساتقۇچى. ② سارايدا لۆڭگىلەرـ گە قارىغۇچى.

**peşlenmek.** ئىشلىك ۋە دېرىزىنىڭ قىـ يىپ كېتىشى، ئاپچىرىماق.

**peşli.** s. پەشلىك (كىيىم ھەققىدە).

**peşm.** is. far. يۇڭ.

**peşmin, peşmine.** is. s. far. ①يۇڭـ دىن قىلىنغان، يۇڭدىن توقۇلغان.② يۇڭ رەخت.

**peşrev.** is. far. ed. ① تۈرك سەنـ ئىتىدە بىر مۇزىكا تەسىرى. ② توپ ئوقى. ③ چېلىشتا چېلىشچىلارنىڭ ئالـ دىن قىلىنغان ھەيۋە ھەرىكەتلىرى.

**peştahta.** is. far. ① كىچىك ئىش شىرەسى. ② سەرراپلارنىڭ پۇل سانايـ دىغان تاختىسى.

**peştamal.** is. → **peştemal.**

**peştemal.** is. far. ① مۇنچىدا قولـ لىنىلىدىغان ئۇزۇن لۆڭگە. ② پەشتىمال، ئالدى ياپقۇچ، ئالدى تارتقۇچ.

**peştimalci.** is. پەشتىمال لۆڭگە ۋە باشقىلارنى توقۇغۇچى ياكى ساتقۇچى.

**peştu· öz.** is. پۇشتۇ تىلى (ئافغانىسـ تاندا قوللىنىلىدىغان رەسمىي بىر تىل).

**petek, – ği.** is. ھەرە كۆنىكى.

**peteklenmek.** ھەرە كۆنىكى ھالىغا كەلمەك.

**petgir.** is. far. قىل ئەلگەك.

**petka.** is. ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ سوڭكى، قۇيرۇق تەرىپى.

**petrogonozi.** is. مىنېراللارنى تەتـ قىق قىلىدىغان بىلىم، مىنېرالوگىيە.

**petrol, – lü.** is. fr. نېفىت:
«Çinin her yerinde petrol havza ları var — جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە نېفىت قۇدۇقلىرى بار.»

**petrolcu.** is. نېفىت سانائىتى ئىنژېنېرى.

**pey.** is. far. ئالدىن بېرىلگەن پۇل.

**peyam.** is. far. خەۋەر، مەلۇمات.
**peyda.** s. far. ئوچۇق ئاشكارا.
**~ etmek.** بارلىققا كەلتۈرمەك.
**peydahlamak, peydahlanmak.** ① پەيدا قىلماق، چىقارماق. ② ئۆز-لەشتۈرمەك، ئۆگەنمەك:
«Çocuk yeni yeni huylar peydahladı — بالا يېڭى - يېڭى خۇيلار-نى چىقىرىۋالدى.»
**pey. der. pey.** z. far. ئاز - ئاز، ئاستا - ئاستا.
**peygamber.** is. far. پەيغەمبەر.
**peygamberan.** is. پەيغەمبەرلەر.
**peygamber. çiçeği,** is. بىر خىل گۈل، پەيغەمبەر چېچىكى.
**peygamber. devesi.** is. zool. بىر خىل قۇرت.
**peygamberi.** is. ① پەيغەمبەرلىك. ② پەيغەمبەرگە ئائىت.
**peygamberlik, — ği.** is. پەيغەمبەرلىك.
**peygar.** is. far. كۈرەش، جەڭ، ئۇرۇش.
**peygare.** is. far. تۆھمەت، گۇناھ.
**peygule.** is. far. بۇرجەك، بۇلۇڭ.
**peyk, — ki.** is. far. ① ھەمراھ. ② بېقىندى:
«Ay dünyanin peykidir — يەر ئاي شارىنىڭ ھەمراسىدۇر.
Peyk devletler — بېقىندى دۆ-لەتلەر.»
**peykan.** is. far. ① ئوقيا، ئوقى، ئوچلۇق. ② مەھبۇبەنىڭ كىرپىكى.
**peyker.** is. far. يۈز، چەھرە.
**peylemek.** ① كۆز تىكمەك. ② ئال-دىن پۇل بېرىپ ئۆزىگە مال قىلماق.
**peyleşmek.** ئالدىن پۇل بېرىشمەك.
**peyman.** is. far. قەسەم.
**peymane.** is. far. قەدەھ.
**peymay.** s. far. ئۆلچىگۈچى.
**peynir.** is. far. پىشلاق، ئىرىمچىك، سۈزمە.
**peynirci.** is. پىشلاق ۋە ئىرىمچىك ياسىغۇچى ياكى ساتقۇچى.
**peynircilik, — ği.** is. پىشلاق (ئىرىمچىك) ياساش ياكى سېتىش ئوقەتى.
**peynir. dişi.** is. قېرىلىق چىش.
**peynir. hane.** is. far. پىشلاقخانا.
**peynirleşmek.** (سۈت ھەققىدە) بۇزۇل-ماق، ئىچىلماق.
**peynir. sineği.** is. قارا چىۋىن.
**peyrev.** is. far. تەقىپ قىلغۇچى، ئىزىغا چۈشكۈچى.
**peyvend.** is. far. ① بېرىش، پەيت-شمش، ئېرىشش. ② مۇناسىۋەت.
**peyvest.** is. far. ① ئېرىشكەن، يېتىشكەن، ئۇلاشقان. ② z. دائىما، ھەرزامان.
**peyzaj.** is. fr. مەنزىرە.
**pezeta.** is. ئىسپانىيە پۇل بىرلىكى.
**pezevenk, — ği.** is. far. دەللال.
**pezevenklik, — ği.** is. دەللاللىق.
**pezira.** is. far. قوبۇل قىلغۇچى.
**pezire.** is. far. قارشى ئېلىش.
**peziriç.** s. far. قوبۇل قىلىنغان.
**pezo.** is. دەللال.
**pıhtı.** is. far. قويۇق ھالغا كەل-تۈرۈلگەن سۇيۇقلۇق:

«Kan pıhtısı — قاننىڭ قويۇلۇپ كېتىشى.»

**pıhtılanmak.** قويۇقلاشماق:

«Kan pıhtılandı — قان قويۇقلاشتى.»

**pıhtılaşma.** is. قاننىڭ قويۇلۇشى (قويۇقلىشى).

**pıhtılaşmak.** قويۇقلاشماق.

**pıhtılaştırıcı.** s. قويۇقلاشتۇرغۇچى.

**pıhtılaştırmak.** قويۇقلاشتۇرماق.

**pılı. pırtı.** is. ① ئەسكى - تۈسكى نەرسە. ② نەرسە - كېرەك.

**pınar.** is. بۇلاق سۈيى.

**pır.** is. پۇر (ئىملىق سۆز):

«Pır diye uçup giden serçeler — پۇر قىلىپ ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلار.»

**pirasa.** is. yun. كۈدە (جۇسەي).

**pirazvana.** is. far. پىچاق ۋە قىلىچنىڭ ساپ ئىچىدە قالغان قىسمى.

**pırıldak, — ğı.** is. ① پارىلداق (يورۇق بېرىش ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان ئۇسۇل). ② يورۇقلۇق بېرىش ئەزاسى بار ھايۋان.

**pırıldama.** is. پارىلداش، يورۇش.

**pırıldamak.** پارىلدىماق، يورۇماق.

**pırıl pırıl.** z. s. — چاقناق، يالت - يۇلت.

**pırıltı.** is. يالت - يۇلت قىلماق، چاقنىماق.

**pırlak, — ğı.** is. ئوۋ قۇشلىرىنى تۇتۇشتا ئۇلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قەپەسكە سولانغان باشقا بىر قۇش.

**pırlamak.** ① قورقۇپ «پۇر» قىلىپ ئۇچۇپ كەتمەك. ② يوقۇلۇپ كەتمەك.

ئۇزاقلاشماق:

«Çocuk dayak yiyeceğini anlayınca pırladı, gözden kayboldu — بالا تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلىپ، «پۇرلا» قىلىپ كۆزدىن يوقالدى.»

**pırlanmak.** نۇر (بالىلار ئوينايدىغان).

**pırlangıç, — ıç.** is. ئۇچۇشقا تىرىشماق (قۇش بالىلىرى).

**pırne.** is. erm. ئۆزۈم ھارىقى.

**pırni.** is. → **pırne.**

**pırpı. perpi.** is. ① يىلان تېشى (يىلاندىن زەھەرلەنگەنگە دورا ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر خىل تاش). ② تاشپاقىنىڭ يەرلىك نامى.

**pırpıt, — tı.** s. yun. — ① ئەسكى تۈسكى، ئىشقا يارىماس. ② is. قوپال توقۇلغان يۇڭ رەخت. ③ چېپىلىشچىلار كىيىمى.

**pırtı.** is. ① كېرەكسىز كونا نەرسە. ② نەرسە.

**pırtık.** s. يىرتىق، كونا.

**pırtlak.** s. ① ئېتىلىپ چىققان، پارتلاپ چىققان، پارتلاپ كەتكەن. ② سىققاندا شۆپۈكىدىن ئاسان ئايرىلىدىغان مېۋە.

**pırtlamak.** ① يېرىدىن قايماق، يولىدىن ئايرىلماق. ② ئۆرۈك قاتارلىقلارنىڭ ئۇششىكى پارت قىلىپ چىقماق.

**pısırık.** s. t. تارتىنچاق.

**pısırıklık, — ğı.** is. تارتىنچاقلىق.

**pıt.** is. كىچىك بىر نەرسىنىڭ يەرگە چۈشكەندە چىققان ئاۋازى.

**~ yok.** «سەس - سادا يوق» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

**pıtırdamak.** تاراقلىماق، تاراق - تۇرۇق قىلماق.

**pıtırdatmak.** تاراقلاتماق.

**pıtır pıtır.** «تاراق - تۇرۇق» ئاۋازنىڭ رەتلىك شەكىلدە چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**pıtırtı.** is. ئاستا چىققان ۋاراڭ - چۇرۇڭ.

**pıtpıt.** z. بەك ئاستا ۋە داۋاملىق چىققان ئاۋازنى بىلدۈرىدۇ.

**pıtrak, – ğı.** is. ① مېۋە دەرەخلىرىدىكى مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، زىچلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ② بۇدۇشقاق.

**pianino.** is. müz. كىچىك پىئانىنو.

**piano.** z. it. پەس ئاۋازدا، ئاۋازنى پەسەيتىپ:

«Piano olarak çalınacak parça — ئاۋازى پەسەيتىپ چېلىنىدىغان پارچە.»

**picama.** is. ھىندىستان ئاياللىرىنىڭ شالۋۇرى، نېپىز رەختتىن تىكىلگەن ياتاق كىيىمى.

**piç.** s. is. ① ھارامزادە، ھارامدىن بولغان. ② ھەرنەرسىنىڭ كىچىكى ۋە ئەسلىگە ئوخشىمايدىغىنى. ③ ياغاچنىڭ يىلتىزىدىن سۈرۈپ چىققان نوتا.

**piçan.** osm. پۇرلىشىپ كەتكەن، قاتلىشىپ كەتكەن.

**piçin.** is. كىچىك مايمۇن.

**piçiş.** is. far. پۈكلەم، قاتلاق.

**piçleşmek.** بۇزۇلماق.

**piçuta, piçota.** is. 12 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر خىل بېلىق.

**pide.** is. yun. قازان نېنى، قوتۇرماچ.

**pideci.** is. قازان نېنى ياكى قوتۇرماچ ياسىغۇچى ياكى ساتقۇچى.

**pijama.** is. far. ياتاق كىيىمى.

**pijuh.** is. far. تەتقىقات، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش.

**pik.** is. it. ئۈچ بۇرجەك يەلكەن.

**pikador.** is. isp. بۇقا بىلەن قىلىنىدىغان كۆرەشتە نەيزە بىلەن ھۇجۇم قىلغۇچى ئاتلىق ئادەم.

**pikap.** is. ing. ① پىكاپ. ② توك پاتېفونى.

**pike**[1]**.** is. fr. ① ئايروپىلاننىڭ تېز پەسكە شۇڭغۇشى. ② تانىسىنىڭ بىر تۈرى.

**pike**[2]**.** fr. dok. بىر خىل پاختا رەخت.

**piket, – ti.** is. fr. 32 قەغەزلىك بىر خىل قارتا ئويۇنى.

**piknemi.** is. tıp قاننىڭ قويۇلۇشى.

**piknik.** is. fr. كىرەكسىز نەرسىلەردىن قىلىنغان دالا يېمىكى.

**pikolo.** is. it. قىسقا نەي (چالغۇ).

**pil**[1]**.** is. far. → **Fil.**

**pil**[2]**.** is. fr. باتارېيە.

**pil**[3]**.** is. far. ① ئاياغ كىيىمىنىڭ ئۆكچىسى، ئاپقۇتى. ② چېدىرنىڭ ئارغامچىسىنى باغلايدىغان قوزۇق. ③ تۆمۈر كالتەك بىلەن ئوينايدىغان باللار ئويۇنى.

**pilâki.** is. yun. ① پىلاك (ئىچىگە پىياز، سامساق، سەۋزە قاتارلىق نەرسىلەر توغرالغان بىر خىل يېمەكلىك). ② ئەخمەق، دۆت.

**pilav.** is. far. ① پولۇ. ② (ئومۇمەن)

گۈرۈچ تامىقى.

**plavlık.** s. پولۇلۇق:

«Pilavlık pirinç — پولۇلۇق گۈرۈچ.»

**pil. ban.** is. far. پىل باقىقۇچى، پىلغا قارىغۇچى، پىلبان.

**pile.** is. far. پىپەك غوزىسى.

**pilever.** is. far. چار بازارچى.

**pileveri.** is. چاربازارچىلىق.

**piliç.** is. lat. ① چۆجە. ② بويىغا يېتىۋاتقان چىرايلىق قىز.

**pilot, — tu.** is. fr. ① ئۇچقۇچى. ② پاراخوت باشلىغۇچى.

**pilotluk, — ğu.** is. ①ئۇچقۇچىلىق. ② پاراخوت باشلىغۇچىلىق.

**pil. paye.** is. far. پىلنىڭ پۇتى.

**pilum.** is. lat. sil. ئۇرۇش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئېغىر نەيزە.

**pilül, — lü.** is. كۆملاچ دورا.

**pindar.** is. fr. ① ھېس قىلىش. ② مەغرۇرلىنىش، كۆرەڭلەش.

**pine.** is. far. ياماق (ئاياغ كىيىمنىڭ).

**pineduz.** is. far. ياماقچى.

**pineduzi.** is. ياماقچىلىق.

**pineklemek.** مۈگدەپ ئولتۇرماق.

**pingân.** is. far. ① چىنا. ② كىچىك تەخسە.

**pingânçe.** is. كىچىك چىنە.

**pin. pong.** is. ing. تېنىس توپ:

«Çin pin - pongçuları dünyada birincidir — جۇڭگونىڭ تېنىس توپچىلىرى دۇنيادا بىرىنچىدۇر.»

**pinhan.** s. far. مۆكۈنگەن، يوشۇرۇنغان.

**pinpirik.** s. fr. «قېرى، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، دەرمانسىز» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**pinpon.** s. بەك قېرى، بەللىرى پۈكۈلگەن.

**pinşer.** is. alm. گېرمانىيىنىڭ زىننەت ئىشلىرىدىن بىر تۈرى.

**pint.** is. isp. ① ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا قوللىنىدىغان ھەجىم ئۆلچىمى. ② فرانسىيىدە قوللىنىلىدىغان سۇيۇقلۇق ئۆلچىمى.

**pinti.** s. ئىنتايىن پېخسىق.

**pintileşmek.** بېخىللاشماق.

**pintilik, — ği.** is. پېخسىقلىق، بېخىللىق.

**pin. up.** is. s. ing. جازىبىلىك، چىرايلىق چوكان.

**pipe. line.** is. ing. (يەر ئاستى) نېفىت ئېقىتىش نوسى.

**pipi.** is. (كىچىك بالىلار تىلى) كىچىك تەرەت، چۈچۈ.

**pipo.** is. it. غاڭزا، مۈشتەك.

**pir.** s. far. ① پىر. ② بىرەر ساھەدە تەجرىبىلىك ئۇستاز ياكى رەھبەر. ③ قېرى ئەر ئەسىر:

«Demircinin piri Davuttur — تۆمۈرچىنىڭ پىرى داۋۇتتۇر.»

**pirahen, pirehen.** is. far. كۆڭلەك، ئىچ كۆڭلەك.

**piramen, piramun.** is. far. ئەتراپ، چۆرە.

**piramid.** is. fr. ① پىرامىدا. ② پىرامىدا شەكىلدىكى مەڭگۈ تاش. ③ پىرامىدا (بىرقانچە كىشىنىڭ بىر - بىرىنىڭ مۈرىلىرىگە چىقىپ تۈزلۈك شەكىلدە ئوينىغان گىمناستىكىسى).

**piramidal, — li.** s. fr. پىرامىدا

(تېگى كۆپ قىرلىق، قالغان قىرلىرى ئۈچ بۇلۇڭلۇق بولۇپ كېلىپ بىر ئۇچقا قوشۇلغان شەكىل)، پىرامىدا شەكىللىك.

**piran.** is. ① قېرىلار، ياشانغانلار. ② كامالەتكە يەتكەنلەر.

**pirane.** z. چوڭ سۈپەت.

**piraste.** s. زىننەتلەنگەن، پەردازلانغان.

**piraye.** is. far. ① بېزەك، زىننەت. ② ئايال ئىسمى (پىراي).

**pirayende.** s. far. زىننەتلەنگەن، پەردازلانغان.

**pirayış.** is. far. ① زىننەت، بېزەك.

**piraziye.** s. far. زىننەت، بېزەك، پەرداز.

**pire.** is. zool. بۈرگە.

**pirelenmek.** ① بۈرگە بېسىپ كەتمەك. ② خۇيلانماق، خۇي تۇتماق.

**pireli.** s. ① بۈرگىلىك. ② گۇمانخور:

«Pireli oda — بۈرگىلىك ئۆي.

Pireli bir adam — گۇمانخور بىر ئادەم.»

**piretoliz.** is. تېمپېراتۇرىنىڭ چۈشۈشى.

**piretoloji.** is. قىزىتمىسى ئېشىپ كەتكەن كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم.

**pirezen, pirzen.** is. far. قېرى ئايال، موماي.

**pirinç[1].** is. far. شال ۋە گۈرۈچ.

**pirinç[2].** is. far. سېرىق مىس.

**piristu.** is. far. قارلىغاچ.

**pirlik, — ği.** is. ① پىرلىك. ② قېرىلىق.

**pirog.** is. isp. ئۈزۈن قېيىق.

**piroloji.** is. tıp. پىرىئولوگىيە (كېسەللەرنىڭ قىزىتمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم).

**pirometre.** is. يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**pirotekni.** is. fr. ① پارتلىغۇچى ماددىلار بىلىمى، پارتلاش ماددىلىرى هازىرلاش ئۇسۇلى.

**pirotoksin.** is. tıp. قىزىتما مىكروبلىرى زەھىرى.

**pirsal.** s. far. قېرى، ياشانغان.

**pirüpak, — kı.** s. far. پاك، پاكىزە، داغسىز.

**pirüz.** s. far. تەلەيلىك، بەختلىك.

**piryol.** is. بىرخىل يانچۇق سائىتى.

**pirzola.** is. it. ① قوۋۇرغا (قوي، كالا قاتارلىقلارنىڭ). ② قوۋۇرغا سۆڭىكى. ③ بىقىنى:

«Koyun pirzolası. — قوينىڭ قوۋۇرغىسى.»

**pis[1].** s. t. ① پاسكىنا، مەينەت. ② سېسىق. ③ سەت قىلىق. ④ (سۆز ھەققىدە) پاسكىنا. ⑤ ئەسكى، زەھەرلىك. ⑥ قىلىقسىز. ⑦ سەت. ⑧ قىيىن، مۇشكۈل:

«1. Durgun sular genellikle pistir — تۇرغۇن سۇلار ئومۇمەن پاسكىنا بولىدۇ.

2. Öyle bir pis huyu varki — شۇنداق بىر سەت قىلىقى باركى...

3. Pis sözler — پاسكىنا سۆزلەر.

4. Pis bir iş — قىيىن بىر ئىش.»

**pis[2].** is. far. tıp. ماخاۋ، جۇزام (كېسەل).

**pis. boğaz.** s. is. قورساقفا ئامراق، ئالدىغا كەلگەننى يەيدىغان، ئاشپاقا.

**pisi.** is. مۈشۈك (باللار تىلىدا).

**pisipisi.** is. (بالىلار تىلىدا) ① مۈشۈك. ② مى، مى، مى، پىش، پىش،پىش (مۈشۈكنى چاقىرىش).

**piskopos.** is. yun. ئېپىسكوپ (خرىستىئان چېركاۋىدا يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىي، خرىستىئان روھانىيلىرىنىڭ باشلىقى).

**pislemek.** (هايۋان ھەققىدە) چىچماق ياكى سىيمەك:

«Kedi halıya pislemiş — مۈشۈك گىلەمگە چىچىپ قويۇپتۇ.»

**pislenmek.** بۇلغانماق، پاسكىنىلاشماق.

**pisletmek.** ① پاسكىنا قىلىۋەتمەك. ② بۇزۇپ قويماق، يامانلاشتۇرماق:

«Çocuk üstünü başını pisletecek — بالا ئۈستىبېشىنى پاسكىنا قىلىۋېتىدۇ.

Dikkat et, bu işi de pisletme — دىققەت قىل، بۇ ئىشنىمۇ بۇزۇپ قويما!»

**pislik, – ği.** is. ① كىر، پاسكىنىچىلىك. ② پوق، سىيدۈك، ③ ئەسكى قىلىق، ھەرىكەت، ④ يامان ئەھۋال:

«Çocuğun yüzü güzü pislik içinde kaldı — بالىنىڭ يۈز - كۆزى كىر بولۇپ كەتتى.

Şu kedi pisliğini temizlesin- شۇ مۈشۈك پوقىنى تازىلىسۇن.»

**pis. pis. bakmak.** كىشىنى زېرىكتۈرگىدەك ھالدا قارىماق.

**pis · pis düşünmek.** چوڭقۇر ئويغا چۆكمەك، غەمگە پاتماق.

**pis. pis gülmek.** مىيىقىدا كۈلمەك (زاڭلىق قىلىپ).

**pist[1], – ti.** مۈشۈكنى قوغلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ «پىست».

**pist[2].** is. fr. ① مەيدان. ② ئايرودرومدا ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش ۋە چۈشۈش يولى. ③ تەنھەرىكەتتە يۈگۈرۈش يولى.

**pistan.** is. far. ئاياللارنىڭ كۆكسى، ئەمچەك.

**pister.** is. far. كارىۋات، تۆشەك.

**pistil.** is. fr. گۈل ئاچىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئانىلىق ئورگانى.

**piş.** is. far. ئالدى، ئالدى تەرەپ.

**pişdar.** is. far. ① ئاۋانگارت. ② (ھەربىي) ئالدىدا ماڭغۇچى قوشۇن.

**pişdarlık, – ğı.** is. ① ئاۋانگارتلىق. ② باشلامچىلىق.

**pişe[1].** is. far. ① ئىش. ② كەسىپ، ھۈنەر. ③ خۇي، مىجەز، ئادەت.

**pişe[2].** is. far. müz. نەي.

**pişegâh, pişegeh.** is. far. فابرىكا، ئىش ئورنى.

**pişegân.** is. far. ① ئىش (كۆپلۈك). ② كەسىپ (كۆپلۈك). ③ خۇي، مىجەز (كۆپلۈك).

**pişegeri.** is. ① ئىشچىلىق. ② ھۈنەرۋەنلىك.

**pişegen.** s. ئاسان پىشىدىغان.

**pişever.** is. far. ھۈنەرۋەن، ئۇستا.

**pişeveri.** is. ھۈنەرۋەنچىلىك، ئىشچىلىق.

**pişgir.** is. far. لۆڭگە.

**piş. han.** is. far. داستىخانچى.

**piş. hayme.** is. far. شاھ چېدىرى، ۋەزىر چېدىرى.

**pişi.** is. بولۇق خېمىردىن ياسالغان بوغۇرساق.

**pişik, – ği.** is. پىشلاق.

**pişim.** is. ① پىشىش ئۇسۇلى. ② بىر

قېتىمدا پىشىدىغان مىقدار، پىشىم. ③ خىش ۋە فار-فۇر قاتارلىقلارنى پىشۇرۇش ئىشى.

**pişin.** s. far. ① ئالدىن بېرىلگەن. ② ئىلگىرىكى، ئاۋۋالقى.

**pişini.** is. s. قەدىمكى زامان ئادىمى.

**pişirici.** s. ① پىشۇرغۇچى. ② ناۋاي.

**pişirilmek.** پىشۇرۇلماق.

**pişirim.** پىشىرىم، بىر قېتىمدا پىشۇرغىلى بولىدىغان مىقدار.

**pişirmek.** ① پىشۇرماق. ② پىششىق ئۆگەنمەك، ئۆزلەشتۈرمەك. ③ ئىزغا سالماق، مۇناسىۋەت ئورناتماق:

«1. Yemek pişirmek — تاماق پىشۇرماق.

2. Dersimi iyi pişirdim — دەرسىمنى ياخشى ئۆزلەشتۈردۈم.

3. Onlar iyice işi pişirmişler — ئۇلار ئىشنى ياخشى ئىزغا ساپتۇ.»

**piş · kadem.** is. far. پېشقەدەم.

**pişkeş.** is. far. ھەدىيە.

**pişkin.** s. ① ئوبدان پىشقان. ② پەسكەش، قېلىن. ③ پىشقان، تەجرىبىلىك (ئادەم):

«Ne pişkin adam teklif beklemeden oturuverdi — نېمىدېگەن قېلىن ئادەم، تەكلىپ قىلغۇچىلىك ئولتۇرۇۋالدى.»

**pişkinlik, – ği.** is. ① تەجرىبىلىك. ② پىشقانلىق. ③ پەسكەشلىك، قېلىنلىق.

**pişman.** is. far. پۇشايمان، نادامەت.

**pişmanlık, – ğı.** is. پۇشايمانلىق.

**pişmak.** ① پىشماق. ② يېتىشمەك. ③ پىشىلماق، ④ ئىسسىپ كەتمەك. ⑤ چېنىقماق:

«1. Kebap pişti — كاۋاپ پىشتى.

2. Kavun pişti — قوغۇن پىشتى.

3. Çocuğun apış aras pişmiş — بالىنىڭ يېرىقى پىشىلىپ قاپتۇ.

4. Sicaktan çok piştim — ئىسسىقتىن پىشىپ كەتتىم.»

**pişmiş.** s. ① پىشىق، پىشقان. ② يېتىشكەن، چېنىققان.

**piş. nemaz.** is. far. ئىمام.

**piş. nihâd.** is. far. ① تۈپ ئاساس. ② قانۇن، يول، قائىدە.

**piştak.** is. ئالدى ئىشىك.

**pişti.** is. ئىككى ياكى تۆت كىشى ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدىغان 52 قەغەزلىك قارت ئويۇنى.

**piştov.** is. it. بىرخىل تاپانچا.

**pişva, pişüva.** is. far. پىشىۋا.

**pişvalik, – ği.** is. پىشىۋالىق.

**pitos.** is. تانىسلارغا جور بولۇش ۋە بۇ تانىسنىڭ رىتىمىگە تەڭكەش بولۇپ بارماقلىرىنى قارسىلدىتىش.

**piva.** is. it. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىتالىيە خەلق ئۇسۇلى.

**piyade.** is. far. ① پىيادە ئەسكەر. ② شاھمات ئويۇنىدا ئاددىي تاش. ③ ئىككى پالاق بىلەن ماڭىدىغان قېيىق. ④ S، پىيادە، ياياق.

**piyalı.** is. far. پىيالە، چىنە، ئىستاكان.

**piyango.** is. it. لاتارى (تەلەي سىناش ئويۇنى).

**piyanist, – ti.** is. fr. ئۇستا رايال چالغۇچى، رايالچى.

**piyano.** is. it. müz. پىيانو، رايال، گاڭچىڭ.

**piyanocu.** is. it. → **Piyanist**

**piyartroz.** is. tr. ئۆگە ياللۇغى.

**piyasa.** is. it. ① بازار. ② سەيلە - تاماشا. ③ مال باھاسى:

«1. Malı piyasaya çıkarmak — مالنى بازارغا سالماق.

2. Piyasa yeri سەيلىگاھ.

3. Bugün piyasa yükseldi — بۈگۈن مال باھاسى ئۆرلىدى.»

**piyastos.** is. yun. تۇتسۇش، تۇتۇۋېلىش.

**piyata.** is. it. ① تۈز ۋە يوغان ئاش تاۋىقى. ② s. ياپلاق، يېپسى.

**piyav.** is. پىكىر.

**piyaz.** is. bot. ① پىياز. ② تۇزلىغان پۇرچاق. ③ يۈزىدىن يۈزىگە ماختاش، ئۇچۇرۇش:

«Benim bu piyazlara karnım tok — مەن بۇنداق ئۇچۇرۇشلارغا كۆنۈك.»

**~ doğramak.** يالغان سۆزلىمەك.

**piyazcı.** is. s. ① تۇزلانغان پۇرچاق ئىشلەپ ساتقۇچى. ② ماختىغۇچى، خۇشامەتچى:

«O, piyazcıdır boş ver — ئۇ بىر خۇشامەتچى، كارىڭ بولمىسۇن.»

**piyazcılık, – ğı.** is. خۇشامەتچىلىك.

**piyazlanmak.** ① خام گۆشنى پىياز بىلەن قارىمۇچ، دارچىن ۋە باشقا دورا - دەرمانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاتماق، خام قىيما قىلماق. ② ماختاپ ئۇچۇرماق.

**piyelit, – ti.** is. fr. بۆرەك جامى ياللۇغى.

**piyes.** is. fr. سەھنە ئەسىرى، پىيەسسە.

**piyetizm.** is. fr. دىندارلىق.

**piyiz.** is. ئاق ھاراق.

**~ kaymak.** تەكلىپسىزلا بىراۋنىڭ ھاراق ئىچىۋاتقان شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇرماق.

**piyizlenmek.** ئاق ھاراق ئىچمەك.

**piyoid.** is. fr. يارىغا ئائىت، يارىغا ئوخشاش.

**piyon.** is. fr. شاھماتتا ئالدىنقى قاتارغا تىزىلغان سەككىز تاش، پىيادە.

**piyonefroz.** is. بۆرەك ۋە بۆرەك جامىنىڭ يىرىڭلىنىشى.

**piyonemi.** is. قاندا ياغ پەيدا بولۇشى.

**piyore.** is. fr. يىرىڭ ئېقىش.

**piyosalpenks.** is. ماتكا نەيچىسىدە يىرىڭ پەيدا بولۇشى.

**piyospermi.** is. مەنىدە (ئىسپېرما) يىرىڭ پەيدا بولۇش.

**piyotoraks.** is. كۆكرەك بوشلۇقىغا يىرىڭ توپلىنىش.

**piyoz.** is. يىرىڭلاش.

**piyüri.** is. سۈيدۈكتە يىرىڭ پەيدا بولۇش.

**plâçka.** is. arn. بۇلاڭ - تالاڭ.

**plâçkacı.** is. بۇلاڭچى.

**plaj.** is. fr. ① دېڭىز قېشىدا كىشىلەرنىڭ سۇغا چۈشۈشى ئۈچۈن ھازىرلانغان قۇملۇق مەيدان. ② دېڭىزدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشتا پايدىلىنىلىدىغان قىرغاق.

**plak, – ğı.** is. ئۈنئالغۇ لېنتىسى.

**plaket, – ti.** is. fr. ① كىتابچە، رىسالە. ② قۇيمىچىلىق.

**plan.** is. fr. ① پىلان. ② تەسەۋۋۇر.

**plancılık, – ğı.** is. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى پىلانلاش ئىشى.

**planet, – ti.** is. fr. پلانېتا، سەييارە.

**planlama.** is. ① پىلانلاش، پىلانلىما. ② لايىھىلەش.

**planlamak.** ① پىلانلىماق. ② لايىھەلىمەك.

**planlanma.** is. ① پىلانلىنىش. ② لايىھەلىنىش.

**planlı.** s. پىلانلىق:

«Planlı kalkınma — پىلانلىق ئىلگىرىلەش.»

**planör, – rü.** is. fr. پلانېر (ماتورسىز ئۇچىدىغان ئايپارات).

**planörcü.** is. پلانېرچى.

**planörcülük, – ğü.** is. پلانېرچىلىق.

**plansız.** s. ① پىلانسىز. ② ھېسابسىز.

**planton.** is. fr. دېجورنىي، نۆۋەتچى:

«Trambay plantonu — ترامۋاي نۆۋەتچىسى.»

**plantuvar.** is. fr. ئۇرۇق سېلىش ۋە كۆچەت تىكىش ئۈچۈن تۆشۈك ئاچقىلى بولىدىغان سايمان.

**planya.** is. it. ① ئۇزۇن رەندە. ② توك رەندىسى.

**planyalamak.** رەندىلىمەك.

**plasiye.** is. خېرىدار ئىزلىگۈچى (ئادەم).

**plasman.** is. fr. مەبلەغ.

**plaster.** is. ing. بىنت (دورىلانغان داكا).

**plastik.** s. fr. سوزۇلىياۋ ۋە سوزۇلىياۋدا ئىشلەنگەن.

**platerina.** is. yun. كۆمۈش بېلىق.

**platform.** is. fr. ① دېڭىزنىڭ بەزەن سۇ ئاستىدا قالىدىغان، بەزەن سۇ ئۈستىگە چىقىپ قالىدىغان قىرغاق قىسمى. ② بىر پىكىر ياكى سىياسىي پروگراممىنىڭ ئاساسى. ③ ئاپتوبۇس، تراللېبۇس، پويىز قاتارلىقلارغا چىقىش ۋە چۈشۈشتە خىزمەت قىلىنىدىغان ئېگىز يەر. ④ ساھە، مەيدان. ⑤ ئېگىز سۇپا سەھنە. ⑥ ئۈستى ئوچۇق ۋاگون.

**platika.** is. zool. بىر يېشىل بېلىق.

**platin.** is. fr. ئاق ئالتۇن.

**platonculuk, – ğü.** is. ئەپلاتون پەلسەپىسى، ئەپلاتونچىلىق.

**platonizm.** is. fr. → **platonculuk.**

**plazma.** is. yun. قان سۇيۇقلۇقى، قاننىڭ سۇيۇق قىسمى.

**plazmoloji.** is. fr. پلازمولوگىيە (جانلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ ئۇششاق پارچىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم).

**pleistosen.** is. → **pleyistosen.**

**pleomasti.** is. tıp. كۆپ ئەمچەكلىك.

**pletora.** is. قاننىڭ كۆپلۈكى.

**plimut.** is. ing. بىرخىل ئەنگلىيە توخۇسى.

**pliyosen.** s. is. fr. ئۈچۈنچى زاماننىڭ ئاخىرىسى.

**plüton.** is. yun. پلۇتون (يۇلتۇز).

**plüviyometre.** is. fr. ھۆل - يېغىن مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**pnömolog.** is. fr. ئۆپكە كېسەللىكى مۇتەخەسسىسى.

**podoloji.** is. fr. پۇتنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم.

**podometre.** is. fr. قەدەم سانار (ياياق بىرسىنىڭ قانچە قەدەم باسقىنىنى ۋە قانچىلىك يول يۈرگىنىنى كۆرسىتىدىغان ئەسۋاب).

**podra.** is. ئۇپا.

**podralık, – ğı.** is. ئۇپا قۇتىسى.

**pot.** is. پوك (ئىملىق سۆز):

«Yastık pot diye yere düştü —

باشتۇق «پىرك» قىلىپ يەرگە چۈشتى.»

**pohpoh.** is. ماختاپ ئۇچۇرۇش:
«Kimi insanlar pohpohtan hoşlanır — بەزى ئادەملەر ماختاپ ئۇچۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.»

**pohpohlamak.** بىراۋنى يۈزمۇ يۈز ماختىماق:
«Onu öyle pohpohlamayın, sonra böbürlenameye başlar — ئۇنى يۈزمۇ يۈز ماختىما، كېيىن تەكەببۇرلىشىپ كېتىدۇ.»

**Polak.** is. fa. پولشىلىق.

**polarimetre.** is. fr يورۇقلۇقنى ئۆلچەش ئەسۋابى.

**polca.** öz. is. → **lehçe.**

**polemik.** is. yun. قەلەم مۇنازىرىسى.

**poliandri.** is. fr. كۆپ ئەرلىك (بىر ئايالنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە ئەر بىلەن ئۆيلۈك بولۇشى).

**poliarşi.** is. yun. بىرقانچە كىشىنىڭ كوللېكتىپ ھۆكۈمرانلىقى.

**poliçe.** is. it. قەرز تۆلىگۈچىنىڭ بەرمەكچى بولغان پۇلنى ئۈچىنچى بىر شەخسكە بېرىشى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن خېتى.

**polidipsi.** is. fr. tıp. بەك ئۇسساش، چاڭقاش.

**polifonik.** s. fr. جىق ئاۋازلىق.

**poligam.** s. is. fr. كۆپ خوتۇن ئالغان ياكى كۆپ ئەرگە تەگكەن.

**poliglot.** s. is. بىرقانچە تىل بىلەن سۆزلىشىشنى بىلىدىغان.

**poligon.** is. fr. قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىدىغان مەيدان.

**poligraf.** is. تېز ئۆرلۈك تېمىلارغا ئەسەر يازىدىغان ئاپتور.

**poliklinik.** is. fr تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان كلىنىكا، ئامبۇلاتورىيە.

**polikori.** is. fr. كۆز قارىچۇقى.

**polikrom.** s. fr. بىرقانچە رەڭلىك، بىرقانچە خىل بوياق ئىشلىتىلگەن.

**polikromemi.** is. قاننىڭ رەڭ ماددىسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى.

**poliksen.** s. fr. مېھمان.

**polim.** is. yun. يالغان، يالغان - ياۋداق:
«Her sözü polim — ھەممە سۆزى يالغان.»

**~atmak.** يالغان سۆزلىمەك.

**polimasti.** is. fr. كۆپ ئەمچەكلىك.

**polimel.** s. is. fr. قىزىل ۋە پوت بارماقلىرىنىڭ جىقلىقى.

**polimenore.** is. tıp. ھەيزنىڭ (ئادەت) نورمالسىزلىقى، كۆپ كېلىشى.

**polimikrobik.** is. fr. كۆپ مىكروبلۇق.

**polimiyozit, – ti.** is. fr. ئاز كۆرۈلىدىغان مۇسكۇل كېسەللىكى.

**polimorf.** s. fr. كۆپ شەكىللىك.

**polip.** is. fr. ① قىمىرلىماي بىر جايدا ياشايدىغان دېڭىز ھايۋىنى. ② شىللىق پەردىدە ھاسىل بولغان ئىششىق كېسەلى.

**polipaj.** s. fr. ۋۇجۇدىنىڭ كۆپ قىسمى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇغۇلغان (قوشكېزەك ئىنسان ياكى ھايۋان).

**poliparezi.** is. tıp. يېرىم پالەچ.

**polipati.** is. بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە كېسەلگە مۇپتىلا بولۇش.

**polipleji.** is. تۆرلۈك مۇسكۇللارنىڭ پالەچ بولۇشى.

**polipne.** is. نەپەسنىڭ تېزلىشىشى.

**polipod.** is. fr. نورمىدىن ئارتۇق ئايىغى بار.

**polipodi.** is. fr. كۆپ ئاياغلىق.

**polipotom.** is. fr. بۇرۇن ئىچىدىكى ئۆسمىلەرنى كېسىش ئەسۋابى.

**polis.** is. fr. ① ساقچى خادىمى. ② ساقچى ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى.

**polisantrizm.** is. fr. كۆپ مەركەزلىك.

**polisinodi.** is. fr. پۈتۈن مىنىستىرلىكلەرنىڭ بىر ئورگان تەرىپىدىن رەھبەرلىك قىلىنىدىغان ھۆكۈمەت شەكلى.

**polisitoz.** is. قاندا ھۈجەيرىلەرنىڭ كۆپىيىشى.

**polisizasyon.** is. كېسىلىپ كەتكەن بارماق ئورنىغا يېڭىدىن بارماق سېلىش ئوپېراتسىيىسى.

**polislik, – ği.** is. ① ساقچىلىق. ② ساقچىدەك ھەرىكەت قىلىش.

**politbüro.** is سىياسىي بيۇرو.

**politeizm.** is. fr. كۆپ خۇدالىق (بىرلا ۋاقىتتا كۆپ خۇداغا چوقۇنىدىغان).

**politeknik.** s. fr. تېخنىكىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتبىق قىلىشقا باغلىق بولغان.

**politik.** s. fr. سىياسىي:

«**politik sorun** «سىياسىي مەسىلە.

**politika.** is. fr. سىياسەت:

«Partimizin milli politikası — پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى».

**politikacı.** is. ① سىياسەتچى. ② خۇشامەتچى.

**politkacılık, – ğı.** is. ① سىياسەتۋازلىق. ② يالاقچىلىق، خۇشامەتچىلىك.

**politravmatize.** s. is. fr. بىر قېتىملىق قازادا كۆپ يېرىدىن يارىدار بولغان بىرى.

**poliüri.** is. fr. سۈيدۈكنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى.

**poliyemi.** is. tıp. قاننىڭ نورمىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كېتىشى.

**poliyodonsi.** is. tip. چوڭ تەرەتنىڭ نورمىدىن كۆپ كېلىشى.

**poliyomiyelit, – ti.** is. بالىلارنىڭ پالەچ كېسەللىكى.

**polka.** is. ① پولكا (تانسىنىڭ بىر تۈرى). ② پولكا مۇزىكىسى.

**polo.** is. tibet. ئاتلىق توپ ئويۇنى.

**polonya.** öz. is. پولشا (دۆلەت).

**polonyalı.** s. is. پولشىلىق.

**pom.** is. fr. چويلا توپ.

**pomâd.** is. it. چاچ ۋە باشقا يەرگە سۈرىدىغان پۇراقلىق مەلھەم — چاچ مېيى.

**Pomak.** öz. is. پوماك (بالقاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار).

**Pomaklar.** öz. is. پوماكلار.

**pomat.** is. → **pomad.**

**pombe.** is. ئوتتۇرا ئافرىقا پىۋىسى.

**pompa.** is. it. پومپا، ناسوس، سۇ چىقىرىش ماشىنىسى، سۇ چىخىرىقى.

**pompalamak.** ① پومپا ياكى سۇ چىغىرىقى بىلەن سۇ چىقارماق. ② جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماق (ئايال بىلەن)، جايلىماق.

**pomposo** is. it. müz. داغدۇغىلىق، تەنتەنىلىك، ھەشەمەتلىك.

**pompuruk, – ğu.** is. قىرى، ياشانغان. (ئادەم).

**poney.** is. ing. تۈتى (پاكار ئات جىنسى).

**ponje.** is. fr. dok. بىر خىل يۇڭ ۋە يىپەك ئارىلاش رەخت.

**pomrksiyon.** is. ئوكۇل يىڭنىسى سانجىش ياكى نەشتەر ئۇرۇش.

**ponton.** is. ing. den. سۇغا چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتلارنى چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆتۈرۈش ماشىنىسى.

**pop.** is. yun. پوپ، پاپا.

**poplin.** is. ing. dok. ① ئىنچىكە توقۇلغان پاختا رەخت. ② بۇ رەختتىن تىكىلگەن.

**popüler.** s. fr. ① ھەممىگە تونۇش. ھەممىگە تونۇلغان. ② خەلق تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان.

**pornograt.** is. fr. ئۇياتسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق ھەرىكەت قىلغان بىرى، ئەدەبسىز سۆز قىلغان بىرى.

**porselen.** is. fr. پار – پۇر، پار – پۇر قاچا - قۇچىلار.

**porsiyon.** s. is. fr. ئۈلۈش، كىشىلىك (تاماقنىڭ بىر كىشىگە تېگىشلىك ئۈلۈشى):

« Bir porsiyon pilav — بىر كىشىلىك پولو.

Bir buçuk porsiyon — بىر يېرىم كىشىلىك.»

**porsuk¹, – ğu.** is. zool. بورسۇق، قاشقا ئوغلاق.

**porsuk².** is. bot. قارىغاي تىپىگە كىرىدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ تۈرى.

**porsuk³.** s. → **pörsük.**

**portagal.** öz. is. پورتۇگالىيە (كونا ئېتى).

**portakal.** is. fr. گۈەنگۈەر، پورتاكال (جۈزىگە ئوخشاش مېۋە).

**portakallık, – ğı.** is پورتاكال بېغى، پورتاكاللىق.

**portatif.** s. fr. ① ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك. ② قاتلىنىدىغان:

«portatif eşya — ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك نەرسە.

« Portatif masa — قاتلىنىدىغان شىرە.»

**porte.** is. fr. تەسىر دائىرىسى (بىر ئىشنىڭ).

**Portekiz.** öz. is. پورتۇگالىيە.

**Portekizce.** is. dilb. پورتۇگالىيە تىلى.

**portföy.** is. fr. پۇل قاپچۇقى، كارمان، پورتمان.

**portik.** is. fr. بەلگە كۆۋرۈكى.

**portmanto.** is. fr. شەپكە، پەلتۇ قاتارلىقلارنى ئېسىپ قويىدىغان قاناتلىق، ئەينەكلىك ئىشكاپ.

**portmone.** is. بۇزۇق پۇل قاپچۇقى.

**porto** is. پورتۇگالىيىنىڭ پۇراقلىق ئۈزۈم ھارىقى.

**portolan.** is. دېڭىز پورتلىرىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە.

**portör, – rü.** is. fr. كېسەل مىكروبىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگۈچى. ئادەم ياكى ھايۋان.

**portre.** is. fi. ① ئادەم رەسىمى، سۈرەت. ② سۈرەتلەش (ئەدەبىياتتا).

**portreci.** is. res. رەسسام.

**portuç.** is. it. كىمە ۋە پاراخوت ئامبىرى.

**pot.** s. (بۇرۇت ھەققىدە) قويۇق ۋە ئۇزۇن.

**posa.** is. ① تىرىپ، قالدۇق. ② سالقىندا، داشقال.

**~ sını çıkarmak.** ① ئاخىرىغا قەدەر سۈمۈرمەك. ② ئازار بەرمەك، قاتتىق ئۇرماق.

**pos. bıyık.** s. شاپ بۇرۇت.

**post, — tu.** is. far. ① تېرە. ② قەدىمىي شەيخلەر ئولتۇرىدىغان يەر. ③ ئورۇن، مەنسەپ، ھوقۇق:

«Kaplan postu — يولۋاس تېرىسى.

Post kavgası — ئورۇن جېدىلى.»

**posta.** is. it. ① يوللانما، خەت - خالتا. ② پوچتا. ③ خەت - چەك، خالتا توشۇيدىغان قاتناش قورالى. ④ ئەترەت، گۇرۇپپا. ⑤ نۆۋەتچى ئەسكەر، خىزمەتچى ئەسكەر. ⑥ سەپەر، يولۇچىلىق. ⑦ ئوۋ ئوۇلىغاندا مۆكۈنىدىغان يەر:

«1. Posta arabası — پوچتا ماشىنىسى.

2. Mektupları postaya götürmek — خەتلەرنى پوچتىغا سالماق.

3. Posta treni — پوچتا پويىزى.

4. Işçi postaları nöbetleşe çalişirlar — گۇرۇپپا ئىشچى ئەترەتلىرى نۆۋەت بويىچە ئىشلەيدۇ.

5. Bu araba bütün eşyayı dört postada taşır — بۇ ھارۋا پۈتۈن نەرسە - كېرەكلەرنى تۆت سەپەر (نۆۋەت) ئېلىپ ماڭىدۇ.»

**postacı.** is. پوچتىكەش، پوچتالىيون.

**postacılık, — ğı.** is. پوچتالىيونلۇق، پوچتىكەشلىك:

«Beş yıl postacılık yaptı — بەش يىل پوچتىكەشلىك قىلدى.»

**postal.** is. osm. ① قونچلۇق بەتنىكە. ② بۇززۇق ئايال. ③ قونچىسىز مەسە.

**postalamak.** پوچتىغا سالماق.

**postalanmak.** پوچتىغا سېلىنماق.

**posta. hane, postane.** is. پوچتىخانا.

**postis.** is. ئاياللارنىڭ زىننەت ئۈچۈن سېلىۋالىدىغان ياسما چېچى.

**poşad.** is. fr. تېز سىزىلغان رەسىم.

**poşe.** is. fr. قايناق سۇدا پىشۇرۇلغان شاكالسىز تۇخۇم.

**pot¹.** is. alm. دەريادىن ئۆتۈشتە چۈشىدىغان كىچىك سال.

**pot², — tu.** is. ① قىڭغىر تىكىلىش. ② يېڭىلىشلىق، خاتالىق. ③ ئەنتەك ئايال، شوخ ئايال:

«Yolda sık sık rubasının potlarını çekip düzeltiyor — يولدا پات - پات كىيىمىنىڭ قىڭغىر تىكىلگەن يېرىنى تۈزەيتتى.»

**pota¹.** is. far. ئېچىدە مەدەن ئېرىتىلىدىغان قاچا.

**pota².** is. fr. ۋاسكېتبول گارى.

**potamobiyoloji.** is. دەريا سۇلىرىدىكى جانلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم.

**potamoloji.** is. fr. ئېقىن سۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم.

**potamotok.** s. fr. تۇغۇش ئۈچۈن

دېڭىزدىن ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە كۆچكەن بېلىقلار.

**potons.** is. tip. جىنسىي قۇۋۋەت.

**potansiyel.** is. fr. يوشۇرۇن كۈچ.

**potin, fotin.** is. fr. تېپلەي.

**potkal.** is. it. دېڭىزدا يېلۇقان ھا- دىسىلەرنى قۇرۇقلۇقتىكىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېمە ياكى پاراخوتتىن دېڭىزغا قېيۇپ بېرىلگەن خەت شىشىسى.

**potlaç.** is. زىياپەت، مەرىكە.

**potlamak.** بوتىلىماق، تۇغماق (تۆگە).

**potlanmak.** بوتىلانماق.

**potto.** is. zool. شەرقىي ئافرىقا ماي- مۇنى.

**potuk**[1]. s. پۈرۈملىك.

**potuk**[2], **— ğu.** is. بوتىلاق، بوتا.

**potur.** s. ① قاتلاقلىق. ② قىرى (پۈرۈمى). ③ كۆپ شىم، ئۇزۇن ئىشتان.

**poturlu.** s. ① قىرلىق شىم كىيگەن. ② يېزىلىق.

**povadhi. öz.** is. پەنجاپ تىلى.

**poylak.** is. ئوسمانلىقلار دەۋرىدە ھەم قاراۋۇللۇق، ھەم ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرغان بىرى.

**poyra.** is. بۇل (ھارۋا چاقىنىڭ گۇگۇ- سۇنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قىسمى).

**poyraz.** is. yun. شەرقىي شىمال تە- رەپ ۋە شۇ تەرەپتىن چىققان شامال.

**poyrazlamak.** شەرقىي شىمال شامىلى كەلمەك.

**poz.** is. fr. ① ۋۇجۇدنىڭ تۇرۇشى. ② رەسىم ۋە پوتوگرافتا تۇرۇش.

**pozisyon.** is.. fr. ۋەزىيەت، ئەھۋال.

**pozitif.** s. fr. ① مۇسبەت. ② تەجرى- بىگە ئاساسلانغان.

**pöç.** is. erm. تۇغۇر، قۇيمۇچاق.

**pöf.** پۇفە...پېۋ.

**pörsük.** s. ① يىرتىلغان. ② سوزۇلغان، سوزۇنچاق.

**pörsüklük, — ğü.** is. يىرتىقلىق.

**pörsümek.** بوشاپ سوزۇلماق.

**pösteki.** is. osm. قوي ياكى ئۆچكە تېرىسى.

**pötikare.** s. fr. ① شاتلانكا، كاتەكچە (رەخت). ② كاتەكچە رەختتىن تىكىلگەن: «Pötikare pantolon — كاتەكچە رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان.»

**prafa.** is. ئۈچ تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان 32 قەغەزلىك قارت ئويۇنى.

**Prag. öz.** is. پراگا (شەھەر).

**pragmacı.** s. tels. پراگماتىزم تەرەپ- دارى، پراگمىچى.

**pragmacılık, — ğı.** is. پراگماچىلىق.

**pragmatik.** s. fr. پراگماتىك، پراگ- مىچى.

**pragmatizm.** is. پراگماتىزم (سۇب- يېكتىپ - ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى ئې- قىملاردىن بىرى).

**pranga.** is. it. ① كىشەن. ② تاقاق، قوۋۇق (گۇناھكارلارنىڭ بويىنىغا سېلىنى- دىغان).

**prangalı.** s. كىشەن سېلىنغان: «Prangalı mahkûm — پۇتىغا كىشەن سېلىنغان گۇناھكار.»

**prasat.** is. ئىبادەتخانا.

**pratik.** is. s. fr. ① قوللىنىش، ئە- مەلىي قوللىنىش. ② ئەمەلىي. ③ تەت- بىقات.

**pratika.** is. fr. پراتىكا (كېمە ۋە پاراخوت كاپىتانىنىڭ كېسەل ئەمەسلىكى

توغرىلىق يەرلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن بېرىلگەن قەغەز).

**pratisyen.** is. fr. پىراكتىكانت.

**prekozite.** is. fr. ۋاقتىدىن ئاۋۋال يېتىشكەن (ئەقىل ياكى بەدەن جەھەتتە).

**prematüre.** s. fr. بالدۇر تۇغۇلغان (بالا).

**prens.** is. fr. شاھزادە.

**prenses.** is. fr. مەلىكە (پادىشاھنىڭ قىزى ياكى خانىشى).

**prenseslik, – ği.** is. ① مەلىكىلىك. ② خانىش ئىدارە قىلىۋاتقان دۆلەت.

**prensip.** is. fr. پرىنسىپ.

**prenslik, – ği.** is. شاھزادىلىك.

**pres.** is. fr. پرېس.

**presbit, – ti.** s. fr قېرىلىق يەتكەن (ئادەم ياكى كۆز).

**presbitlik, – ği.** is. قېرىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇش، تىكىش ئىشلىرىدا كۆزنىڭ كۆرمەسلىكى.

**presçi.** is. پرېسچى، پرېس ماشىنىسىنى ئىشلەتكۈچى.

**prese.** s. fr. پرېسلانغان، سىقىلغان.

**prestij.** is. fr. تەسىر قوزغىغۇچى ياكى ھەيران قالدۇرىدىغان ماھىيەت.

**prestissimo.** z. it. müz. تېز سۈرئەت بىلەن.

**presto.** z. it. müz. ① تېز سۈرئەت بىلەن. ② is. تېز چېلىنىشقا تېگىشلىك مۇزىكا پارچىسى.

**prevantoryum.** is. ساناتورىيە.

**prezervatif.** is. گاندون (جىنسىي مۇناسىۋەتتە جىنسىي كېسەللەرنىڭ يۇقۇپ قالماسلىقى ۋە ھامىلە بولماسلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان رەزىنكە قاپ).

**prezidyum, praesidium.** is. ئالىي پرىزىدىيۇم.

**prim.** is. fr. ① سۇغۇرتا پۇلى: ② مۇكاپات. ③ تەننەرخ بىلەن بازار باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارتىش.

**primadonna.** is. it. ئوپېرادا باش رولدا چىققۇچى ئايال ناخشىچى.

**primatlar.** is. lat. مايمۇنلار.

**prizma.** is. yun. mat. ① (ماتېماتىكىدا) پرىزمىلىك جىسىم. ② (فىزىكىدا) پرىزما، ئۈچ قىرلىق ئەينەك.

**probabilizm.** is. fr. fels. ئېھتىماللىقچىلىق.

**problem.** is. fr. ① مەسىلە. ② سوئال:

«Onun pek çok problemi var — ئۇنىڭ بەك جىق سوئاللىرى بار.»

**prodüksiyon.** is. fr. ① بارلىققا كېلىش. ② ئىشلەپچىقىرىش. ③ كىنو ئۈچۈن كېرەكلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى.

**prodüktif.** s. fr. ① ھوسۇل بەرگەن ياكى پايدا بەرگەن. ② كۆپ ھوسۇل بەرگەن ياكى كۆپ پايدا بەرگەن.

**prodüktivite.** is. fr. ① قىلىنغان خىراجەت ۋە ئەمگەك كۈچىگە نىسبەتەن ئېلىنغان مەھسۇلات. ② مەھسۇلات بېرىش كۈچى، ئۈنۈملۈك.

**prodüktör, – rü.** is. fr. ① كىنو ئىشلىگۈچى. ② ئىشلەپ چىقارغۇچى.

**profesör, – rü.** is. fr. پروفېسسور.

**profesörlük, – ğü.** is. پروفېسسورلۇق.

**profesyonel.** s. is. fr. ① كەسپىي (ئىشتىن سىرت بولمىغان). ② مۇسابى-

قىغە قاتنىشىش ياكى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن مائاش ئالغۇچى تەنھەربىكەتچى.

**profil.** is. fr. ① ياندىن كۆرۈنۈش. ② يۈزنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشى.

**profilaktodonti.** is. ئېغىز ۋە چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىمى.

**proforma.** s. lat. شەكلەن، شەكىل ئۈچۈن.

**porgnat.** s. fr. تۆۋەنكى ئېڭەكنى ئالدىغا چىقىپ قالغان.

**prognoz.** is. tıp. بىر كېسەلنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئالدىن ھۆكۈم قىلىش.

**program.** is. fr. ① پروگرام. ② بىرەر پائالىيەت، ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنى ۋە مۆلچەرلەنگەن پىلان. ③ بىرەر پارتىيىنىڭ دۇنيا قارشى ۋە مەقسىتى بايان قىلىنغان ھۆججەت. ④ كونسېرت ئويۇنلىرىنىڭ ھەممە نومۇرلىرىنىڭ رويخېتى. ⑤ مەكتەپلەردە دەرس جەدۋىلى.

**programcı.** is. ① رادىئو ۋە تېلېۋىزوردا پروگراما تۈزگۈچى. ② تىياتىر ۋە كونسېرت پروگراممىسىنى ساتقۇچى ۋە تارتقۇچى.

**progresif.** is. ئىلغارلىق، تەرەققىپەرۋەرلىك.

**proje.** is. fr. لايىھە، پىلانلانغان نەرسە:

«Bu fabrika kendi projemize göre yapıldı — بۇ زاۋۇت (فابرىكا) ئۆزىمىزنىڭ لايىھىسى بويىچە قۇرۇلدى.»

**projeksiyon.** is. سايە، كۆلەڭگۇ.

**projektör, – rü.** is. fr. پروژېكتور (ناھايىتى يورۇق ئېلېكتر شولىسى بىلەن يورۇتىدىغان ئەسۋاب).

**proleterya.** is. fr. پرولېتار سىنىپى.

**proleter.** is. fr. پرولېتارىيات.

**prolog.** is. fr. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى، پرولوگ.

**propaganda.** is. it. تەشۋىقات، تەرغىبات:

«Çin komünist partisi propaganda dairesi — جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسى تەشۋىقات بۆلۈمى.»

**propagandacı.** is. تەشۋىقاتچى:

«Radyoda çalışanlar birer propagandacıdır — رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەشۋىقاتچىدۇر.»

**propagandacılık, – ğı.** is. تەشۋىقاتچىلىق.

**proparoksiton.** is. s. ئۇرغۇسى ئۈچىنچى بوغۇمدا كېلىدىغان سۆز.

**prospektüs.** is. lat. تونۇشتۇرۇش (قەغىزى).

**prosopodipleji.** is. يۈزنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى پالەچ بولۇشى.

**prostela.** is. yun. پەرتۇق، پەشتىمال.

**prostetist.** is. tıp. سۈنئىي قول ۋە پۇت سالىدىغان مۇتەخەسسىس.

**prostil.** is. fr. ئالدى تۈۋرۈكلۈك ئىبادەتخانا.

**protanopi.** is. tıp. قىزىل رەڭنى كۆرەلمەسلىك.

**protektora.** is. fr. ھىمايە.

**protestan.** is. fr. پروتېستان (كاتولىك دىنىدىن ئايرىلىپ چىققان تۈرلۈك خرىستىئان مەزھەپلىرىنىڭ ئورتاق نامى).

**protesto.** is. it. نارازىلىق، قارشىلىق:

«Işşiler kapitalistleri protesto etmek üzere gösteri yaptılar — ئىشچىلار كاپىتالىستلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن نامايىش قىلدى.»

**protist.** is. fr. پروتىست (ھەم ھايۋاناتلار، ھەم ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا بولىدىغان يالغۇز ھۈجەيرىلىك جانلىق مەۋجۇدات).

**protistoloji.** is. fr. بىر ھۈجەيرىلىك جانلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم.

**protofit.** is. يالغۇز ھۈجەيرىلىك ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈملۈكسىمان ئورگانىزم.

**protokol, – lü.** is. yun. كېلىشىم، دىپلوماتىك قائىدە.

**protome.** is. ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ يېرىم ھەيكىلى.

**protomorfik.** is. tıp (كېسەل ھەققىدە) ئىپتىدائىي، باشلانغۇچ.

**protomotek.** is. fr. مۇزېيدە يېرىم ھەيكەللەر قويۇلغان بۆلۈم.

**prototip.** is. fr. بىرىنچى نۇسخا، ئاۋۋالقى نۇسخا.

**prova.** is. it. ① سىناق، رەپىتىس. ② بىرىنچى كۆررېكتورلۇق:

«Konser provasi — كونسېرت رەپېتىسى.

Ilk prova — بىرىنچى كوررېكتورلۇق.»

**provitamin.** is. fr. پىروۋىتامىن (سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئورگانىزمدا ۋىتامىنغا ئايلانغان ماددا).

**provokasyon.** is. fr. ① ئىغۋاگەرچىلىك، كۈشكۈرتۈش. ② يوشۇرۇن بىر كېسەلنىڭ سىنئىي ھالدا قوزغىتىلىشى.

**provokatör, – rü.** is. fr. ئىغۋاگەر.

**prömiyer.** is. fr. رەپىتىس (ئويۇندا).

**prurigo.** is. lat. قىچىشقاق كېسەللىكلىرى.

**pruritus, – ti.** is. تېرە كېسەللىكلىرى، قىچىشقاق.

**pruva.** is. it. den. كېمە ۋە پاراخوتنىڭ باش قىسمى.

**provacı.** is. den. قېيىقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغان پالاقچى.

**psikanaliz.** is. fr. تەھلىلىي روھ.

**psikiyatr.** is. fr. روھىي كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان، داۋالايدىغان دوختۇرلۇق.

**psikiyatri.** is. fr. روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى.

**psikolog.** s. is. fr. پسىخولوگ (پسىخولوگىيە ئالىمى).

**psikoloji.** is. fr. پسىخولوگىيە (روھىي پائالىيەتلەرنى جۈملىدىن سېزىش، ھېس قىلىش، ئىدراك قىلىش، پىكىر قىلىش قاتارلىق پسىخىك جەريانلارنى ئۆگىنىدىغان پەن).

**psikolojik.** s. fr. ① پسىخولوگىيىلىك. ② پېقىملىق، خۇش خۇي.

**psikopati.** is. fr. نېرۋا كېسىلى.

**psikoz.** is. fr. نېرۋا كېسەللىكلىرى.

**puant.** is. fr. پۇتنىڭ ئۇچى بىلەن تانسا ئويناش ھەرىكىتى.

**puanter.** is. ing. بىر خىل ئوۋ ئىتى.

**puç. s.** is. osm. ① قۇيرۇق تۈگۈرى. ② كارغا كەلمەس، كېرەكسىز (نەرسە). ③ سەت. ④ ئىچى كاۋاك، بوش.

**puçong.** is. قارا چاي تۈرى.

**puf[1].** is. ئۈستى يۇمشاق پاكار

ئورۇندۇق.

**puf[2].** is. ئاھ، ئۇھ.

**puflamak.** ئاھ ئۇرماق.

**puhte.** s. osm. ① پىشىق. ② پىشىپ يېتىشكەن، تەجرىبىلىك.

**puhtegân.** is. پىشىپ يېتىشكەنلەر، تەجرىبىلىكلەر.

**puhtegi.** is. ① پىشىپ يېتىشكەنلىك. ② پىشقانلىق.

**pul.** is. ① يېپى ۋە ئوتتۇرىسى تۆشۈك مەدەن پارچىسى. ② پوچتا ماركىسى، ماركا. ③ بېلىق سىرتىدىكى تەڭگىلەر، سەدەپ. ④ بويۇنغا ئېسىلىدىغان مەدەن ھالقا. ⑤ قەدىمدە قوللىنىلغان پۇل.

**pulad.** is. → **pulat.**

**pulat.** is. far. پولات (بىراۋنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ).

**pul. bilim.** is. پوچتا ماركىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلىمى.

**pulcu.** is. ① پوچتا ماركىسى ساتقۇچى. ② پوچتا ماركىسى توپلىغۇچى.

**pulculuk, – ğu.** is. پوچتا ماركىسى توپلاپ سېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇش، پوچتا ماركىسى توپلاش ئىشى.

**pulk.** is. ros. as. پولك، تۈەن.

**pullamak.** ① ماركا چاپلىماق (خەتكە). ② كىيىمنى تەڭگىلەر بىلەن زىننەتلىمەك.

**pullanmak.** ماركا چاپلانماق.

**pullman, pulman.** is. كېيىنكى زامانلاردا ياۋروپادا قوللىنىلغان ۋاگون.

**pulluk, – ğu.** is. alm ساپان.

**pulmometre.** is. tıp ئۆپكىنىڭ چوڭلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**pulover.** is. ing. باشتىن كىيىلىدىغان ئالدى ئېتىك تاشقى كىيىم.

**pulsometre.** is. fr. پۇلسومېتىر (قاننىڭ ئېقىشىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب).

**pulsuz.** s. ① ماركىسىز، ماركىسى يوق.

**puluç.** s. ئەرلىك قۇۋۋىتىدىن قالغۇچى (ئادەم).

**punç.** is. ing. چاي، شېكەر، لىمون، دارچىن ۋە باشقىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئىچىلىدىغان ئىچىملىك.

**punt.** is. it. پەيت، پۇرسەت:
«Pundunu bularak davranmak — پەيتىنى تېپىپ ھەرىكەت قىلماق.»

**pupa.** is. it. ① كېمە ۋە پاراخوتنىڭ كەينى تەرىپى. ② ئارقا تەرەپ:
«Vapurun pupasından pruvasına kadar — پاراخوتنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئالدى تەرىپىگە قەدەر.
Rüzgar pupa esiyor — شامال ئارقا تەرەپتىن چىقىۋاتىدۇ.»

**pupazzo.** is. it. ئىتالىيە قورچىقى.

**pur.** is. osm. ئوغۇل.

**purga.** is. rus. سىبىرىيىنىڭ شىددەتلىك قار بورىنى.

**puro.** is. it. تاماكا يوپۇرمىقىنىڭ ئۆزىنى ئوراپ ياسالغان قەغەزسىز تاماكا.

**pus[1].** is. ① بوش ئاۋاز. ② مېۋىنىڭ پاختىلىشىپ قېلىشى. ③ يوپۇرماقلاردىكى قۇرت ئۇۋىسى. ④ سوغۇق سۇ قۇيۇلغان ئىستاكاندىن چىققان ھور. ⑤ ئەمچەك تۈگمىسى ئەتراپىدىكى داغ. ⑥ ھور، يەڭگىل قىراۋ.

**pus[2].** is. fr. بارماق قول.

**pusarık.** s. is. ① تۇمانلىق. ② ئېزىتقۇ، سەرراپ.

**pusarmak.** تۇمان قاپلىماق، قىراۋ

باسماق.

**pusat.** is. ئۇرۇش قورالى.

**pusatsı.** is. ياغاچ قىلىچ ئوينىغۇچى.

**pusatlandırmak.** قوراللاندۇرماق.

**pusatlanmak.** قوراللانماق.

**pusatlı.** s. قوراللانغان، قوراللىق.

**puselik, – ği.** is. تۈرك مۇقاملىرىدىن بىرى.

**puset.** is. fr. osm. قاتلىنىدىغان باللار هارۋىسى.

**puside.** s. osm. ① چىرىك. ② سىرلىشىپ قالغان، رەڭگى ئۆڭگەن.

**puslanmak.** (هاۋا هەققىدە) ① تۇمان باسماق. ② قىراۋ قاپلىماق.

**puslu.** s. تۇمانلىق، قىراۋلۇق.

**pusmak, pısmak.** ① سىڭمەك. ② مۆكمەك، يوشۇرۇنماق:

«Tavşan önümüzde pusuyor — توشقان ئالدىمىزدا مۆكۈۋاتىدۇ.»

**pusu.** is. ① ئىستىهكام. ② هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنغان ئەسكەرلەر. ③ ئەسكەرلەرنىڭ هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنغان يېرى. ④ هۇجۇم ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ مۆكۈنۈشى. ⑤ قاراقچىلىق قىلىش:

